# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

'99 8




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى



كومىتېت ئەزالىرى نىزاملارنىڭ يازما دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 10 - يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، شۇ پېڭ، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، خوجىخان ھاكىموۋ، ماجيەنگو ۋە باش كاتىپ مۇھەممەت ئىسمايىللار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى› نى ئىجرا قىلىش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» قاتارلىق توققۇز نىزام، چارە، قارارنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. «ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك نازارەت تەكشۈرۈش نىزامى (لايىھە)» قاتارلىق تۆت نىزام، چارىنى ماقۇللىدى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوبۇر ئابدۇللا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئورۇمچىدىكى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سىرتتىن قاتناشتى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن شۇ پېڭ، مىجىت ناسىرلار «نىزام» لايىھىسىنى قاراپ چىقتى.




مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېڭ كېجيې 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھۆكۈمەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

## سۈرەتلىك خەۋەر



6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ، ئادەتتىكى يۇقىرا سالاھىيىتى بىلەن ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىنى ئاڭلىدى. ئۇ تەكىتلەپ: نازارەت قىلىشتا ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو بىر تەرەپ قىلىشىنى ئاڭلاپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشىنىڭ ئادىل پاكى ئادىل ئەمەسلىكىنى، قانۇننىڭ ھەقىقىي ئىجرا قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىنى ئالدى بىلەن چۈشىنىشىمىز كېرەك، دېدى. بۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى.



7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىردى، دائىمىي كومىتېت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ

# ژۇ دېڭيۇن روھىنى جارى قىلدۇرايلى

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

دۆلەتنىڭ كاتتا مۇكاپاتلىشى ۋە ژۇدېڭيۇننىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە سەييارە دوكلات بېرىشكە ئەگىشىپ، دەۋرىمىزدىكى ئۆگىنىش ئۈلگىسى ژۇ دېڭيۇن پۈتۈن مەملىكەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇ شىنجاڭلىقلارنىڭ پەخرى، بولۇپمۇ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن يىلتىز تارتقان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئىراسلىك كىشىنىڭ پەخرى. ژۇ دېڭيۇننىڭ ئىش-ئىزلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تۇغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خىزمەت ئورنىدا نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ ژۇ دېڭيۇننىڭ روھى خۇددى بايراقتا ئوخشاش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، گۈزەل كېلەچەك يارىتىشقا، گۈللەنگەن، باي شىنجاڭنى 21-ئەسىرگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ.

يولداش ژۇ دېڭيۇن ئاساسىي قاتلامدا دوختۇر بولۇپ، بۇنىدىن 36 يىل بۇرۇن شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇ ھاۋاسى شالاڭ، سوغۇق پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۆلۈغچات ناھىيىسىدە يىلتىز تارتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، كېسەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، يۈكسەك پەزىلىتى ۋە پىششىق داۋالاش تېخنىكىسى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۇ ئېغىر كېسەللەرگە 700 مىللىگرامدىن ئارتۇق قان تەقدىم قىلدى؛ كۆيۈپ كەتكەن بىمارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز بەدىنىدىن 13 پارچە تېرىسىنى بىمارنىڭ بەدىنىگە كۆچۈردى؛ شارائىتى ئەۋزەل خىزمەتكە ئۆستۈرۈلۈش ۋە خىزمىتى يۆتكىلىش پۇرسىتىدىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كەچتى؛ ئۇنىڭ قىزى ئەسلى راھەت، شارائىتى ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلىشالايتتى، ئەمما ئۇ قىزىنى ئۆلۈغچاتتا قېلىپ دوختۇرخانىدا سېسترا بولۇشقا قايىل قىلدى، ئۇنىڭ قىزى بىر كېسەلنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ مېڭىش يولىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولدى... ئۆلۈغچاتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكى ئۈچۈن، يولداش ژۇ دېڭيۇن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋە بارلىقىنى تەقدىم قىلدى دېسەك ھەرگىزمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى ئۇنىڭ جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ژۇ دېڭيۇنگە ئوخشاش تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە ئىلغار تىپنى ھەر بىر كىشى، بولۇپمۇ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان يولداشلار ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى، ئېتىقادى، خىزمىتى بىلەن سېلىشتۇرۇشى، يولداش ژۇ دېڭيۇننى بايراق، ئۈلگە قىلىپ، ئەمەلىي خىزمەتتە ۋە تۇرمۇشتا ژۇ دېڭيۇن روھىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۆز ئارزۇسى بىلەن تەشكىل ئوتتۇرىسىدا، ئۆز مەنپەئەتى بىلەن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغاندا، قايمۇقۇپ قالغاندا، ژۇ دېڭيۇنگە ئوخشاش ئالىيجاناپ، ساپ، ئەخلاقلىق، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئادەم بولۇشى لازىم.

يولداش ژۇ دېڭيۇن ئىلگىرى ئۆلۈغچات ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغانىدى. بۇ شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ شەرىپى ۋە پەخرى، ئۇ شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى جانلىق ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئەتتى. نۆۋەتتە پۈتۈن پارتىيە، بارلىق خەلق ئارىسىدا يولداش ژۇ دېڭيۇندىن ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى كادىرلار يولداش ژۇ دېڭيۇننى ئۈلگە قىلىپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك سىياسىي، قانۇن ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ۋە ئىگىلىشى، ئەمەلىيەتكە، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدا دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، ئاساسىي قانۇندا خەلق قۇرۇلتىيىغا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قانۇن بويىچە ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. شىنجاڭدىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى خىزمەتچى خادىملار يولداش ژۇ دېڭيۇنگە ئوخشاش خەلقنى ئۆزىنىڭ ئاتا ۋە ئانىسى دەپ قاراپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ، خىزمەتنى بەجانىدىللىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەندىلا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭدىكى 17 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(月刊) (ئايلىق ژۇرنال)

1999 – يىل 8 – سان

(ئومۇمىي 197 – سان) (19 – يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غولام

باش مۇھەررىر: لەن شۈيى



**ئوبزور** ژۇدىگيۇن روھىنى جارى قىدۇرايلى ---------- ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق – مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدايلى ---------------------- (11)

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈشى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى ------------ (12)

پەن – تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشنى قانۇن بويىچە ئىلگىرى سۈرەيلى -------------- (13)

**پەرلىك نىزام** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن – تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى ------------------ (4)

**خىزمەت تەتقىقاتى** تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلايلى ---------------------------ئابلەت مامۇت (14)

سودىيەلەرنىڭ دەۋالاشقۇچىلار بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشى — سوت قىلىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى بىر توسالغۇ -------------------------------- توختىروزى مەتنۇرى (17)

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك -- ---------------------------- دۇرىنباۋ گو يۇفېي (21)

**ئۆگىنىش** سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ئېلىمىزنىڭ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك باسقۇچى --------------------. ئايگۈل مۇھەممەت (23)

**مۇھاكىمە ۋە تەبەككۇر** خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ---------------------------------------- ئەركىن روزى (25)

**قانۇن تەتقىقاتى** زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى ھوقۇقى توغرىسىدا ---------------.مۇھەممەتجان غوپۇر (27)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكستى: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك
سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 ـ 1033 / D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830002
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي يولى 10 ـ قورۇ
تېلېفون 2822065 ئارقىلىق 63109

مۇلاھىزە | ساپا مائارىپىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يېزا مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم ---------- باھارگۈل ساۋۇت (29)
قانۇن تەتقىقاتى | توختام قانۇنىنى چىقىرىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تەتبىقلىنىش دائىرىسى ھەققىدە ---------- ۋاڭ شېڭمىڭ (33)
باشلامچىلار | كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دىنىي زات --- ئابدۇكېرىم ئۆمەر (40)
جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش | «سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا چاقىقان ئېزىز» بولۇپ قالمىسۇن ---ئادىل مىتنىياز (41)
زىيارەت خاتىرىسى | تورپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكىلەر ئاممىنىڭ سادا سىنى ئاڭلاپ، خىزمەتنى يۈكسەلدۈردى ----------. كېرىم ئىمىز (42)
تارىختىن سۆز | قەدىمكى خەلق— ماساگېتلار ---------- مىرمىنسا خۇدابېردى (45)
دېلودىن مىسال | بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 90 شاپىلاق يېگەندىن كېيىن ... ۋاڭ يۈلى (47)
خەۋەرلەر | (8 پارچە قىسقا خەۋەر) ---------- (49)
بىلىۋېلىڭ | خەلقئارا سوت مەھكىمىسى قاتارلىق (4 پارچە) ----------.(54)
تەرمىلەر | قۇرامىغا يەتمىگەنلەر، قانۇن سىلەرنى ئالاھىدە قوغدايدۇ (3 پارچە) ---------- (58)
ئەتىرگۈل | شېئىرلار ---------- (61)
كىچىك لۇغەت | خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى ----------(63)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

**1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنىدا ماقۇللاندى**

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

## (9—10 - نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىنىدى. 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق**
**9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**
**دائىمىي كومىتېتى**
**1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى**

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش دېگەن سۆز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا يارىتىشتا بارلىققا كەلگەن ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى داۋاملىق سىناق قىلىش، تەتقىق قىلىش، قوللىنىش، كېڭەيتىشتىن تارتىپ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى ماتېرىيال يارىتىش، يېڭى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىچە بولغان پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە، مۇھىت ۋە بايلىقنى قوغداشقا، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك. پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىدە ئىختىيار قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئادىل، سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش، قانۇن بويىچە ياكى توختامدىكى پۈتۈم بويىچە مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇش، خەۋپ - خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك.

**4 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى لازىم.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى پىلان تارمىقى، ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد باشقۇرۇش تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار مەمۇرىي تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە باشقۇرىدۇ، يېتەكلەيدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ.

**5 - ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مۇشۇ چارىگە بىنائەن ئۆز دائىرىسىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ كەسپىي رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ دېۋىزىيىلەرنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

## 2 - باب تەشكىللەش - يولغا قويۇش

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزىدۇ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ، ماسلاشتۇرىدۇ ۋە يولغا قويىدۇ.

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى كاتولىكىنى ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش تۈرى قىبلىنامىسىنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ، تۆۋەندىكى تۈرلەرنى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە قوللايدۇ:

(1) كەسىپ، ساھەنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرەلەيدىغانلىرى؛

(2) يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات، كەسىپ ۋە ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتالايدىغان مەھسۇلات ھاسىل قىلالايدىغانلىرى؛

(3) بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىپ ۋە پايدىلىنىپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرالايدىغانلىرى؛

(4) ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ۋە سۇ تېجەيدىغان يېزا ئىگىلىكىگە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپىلىشىشىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىرى؛

(5) ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرايدىغان ۋە مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھەم ئۇنى تىزگىنلەيدىغان، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنى ئازايتىدىغانلىرى؛

(6) يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە داڭلىق، ئالاھىدە، سۈپەتلىك مەھسۇلات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆلەملىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان ھەمدە ئىچكى - تاشقى بازاردا رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدىغانلىرى؛

(7) چەت - ياقا، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغانلىرى.

**8 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش تۈرلىرىنى تەشكىللەپ يولغا قويغاندا، ئالاقىدار تارماق ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئايلاندۇرۇشنى يولغا قويىدىغان ئورۇنلاردىن ياخشىسىنى تاللىۋالسا بولىدۇ.

**9 - ماددا** ئاپتونوم رايون بازارنى يېتەكچى، كارخانىنى سۇبيېكت قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، «قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش، يۆلەش، يېتەكلەش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، تېخنىكا بازىرى ۋە ئۇچۇر بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. تېخنىكا يارىتىش، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى، تېخنىكا مۇلازىمىتى، تېخنىكا ھۆددىگەرلىكى، تېخنىكىنى پاي قىلىپ قوشۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شارائى-
تى بار تارماقلارنىڭ دائىملىق تېخنىكا بازىرى، تېخنىكا
سودا بازىرى ۋە ئۇنىۋېرسال تېخنىكا بازىرىنى قۇرۇپ ۋە
تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلان-
دۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

10 - ماددا كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققى-
يات ئاپپاراتى قۇرۇشىغا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىلھام
ۋە مەدەت بېرىلىدۇ. كارخانىلار پەن - تېخنىكا نەتىجە-
سىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىنىڭ سۇبيېكتى بولۇشى،
قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا ياكى ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە
سىرتىدىكى كارخانىلار، تەتقىقات - تەرەققىيات ئاپپارات-
لىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە باشقا ھەمكارلاشقۇچىلار بى-
لەن بىرلىشىپ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش
پائالىيىتىنى يولغا قويۇشقا ھوقۇقلۇق؛ ئادىل رىقابەت
ئارقىلىق، ئۆز ئالدىغا ياكى باشقا ئورۇنلار بىلەن بىرلى-
شىپ ھۆكۈمەت تەشكىللەپ يولغا قويغان پەن - تېخنىكا
تەتقىقات - تەرەققىيات تۈرى ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجە-
سىنى ئايلاندۇرۇش تۈرىنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ؛ ئۇ-
چۇرلارنى ئۆز ئالدىغا ئېلان قىلسا ياكى تېخنىكا سودىسى
ۋاستىچى ئاپپاراتىغا پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ۋە
پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ھەمكارلاشقۇ-
چى تېپىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

11 - ماددا چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى كار-
خانىلار، ئورۇنلار، تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەرنىڭ زور
پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ
مۇستەقىل ياكى بىرلىشىپ ئايلاندۇرۇشىغا ئىلھام بېرى-
لىدۇ، ئۇلار بۇ مەزگىلدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ
ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

12 - ماددا ئاپتونوم رايون يۇقىرى، يېڭى
تېخنىكىلىق ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت مەركىزى ۋە
باشقا ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتىنى قۇرۇش ۋە كۆپەي-
تىشكە مەدەت بېرىدۇ، مەبلەغ ۋە سىياسەت جەھەتتە ئۇ-
لارنى يۆلەيدۇ. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ئىگىلىك
تىكلەش مۇلازىمەت مەركىزى ۋە باشقا ۋاستىچى مۇلازى-
مەت ئاپپاراتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى پرىنى-
سىپى بويىچە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا
مۇلازىمەت قىلىدۇ.

13 - ماددا يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئاپپا-
راتلىرى، يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك
تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تەشكىلاتلىرى ئۆز ئالدىغا يا-
كى باشقا ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى،
ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن
ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلسا
بولىدۇ.

يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى
ئايلاندۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئۆز ئالدىغا ياكى باشقا
ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىپ ياراتقان
ھەمدە بېكىتىشتىن ئۆتكەن سۈپەتلىك سورت ۋە يېڭى
مەھسۇلات تىجارىتىنى قانۇن بويىچە يولغا قويسا بولىدۇ.

14 - ماددا پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئاي-
لاندۇرۇش پائالىيىتىدە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ
قىممىتىنى باھالاشقا توغرا كەلسە، ئۇنى قانۇنىي سالا-
ھىيىتى بار شەكىلسىز مۈلۈكنى باھالىغۇچى ئاپپارات
باھالىشى كېرەك. پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئۆلچەش
ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى باھالاشتا ئادىل، ئوبيېكتىپ
بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش شەرت، ئۆلچەش نە-
تىجىسى ياكى باھالاش ئىسپاتى بېرىشتە ساختىلىق قى-
لىشقا بولمايدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانى-
لار، پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر جۇڭ-
گونىڭ سىرتىدىكى كارخانىلار، باشقا تەشكىلاتلار ياكى
شەخسلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ پەن - تېخنىكا نەتىجە-
سىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا، پەن -
تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ قىممىتىنى باھالىشى شەرت.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشتىكى
تاشقى ھەمكارلىق تۈرلىرى دۆلەت مەخپىيىتىگە چې-
تىلسا، بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن قانۇن بويىچە
ئالدىن تەستىقلىتىش لازىم.

15 - ماددا كارخانا، كەسپىي ئورۇن، يېزا
ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى
تەتقىق قىلىپ يارىتىپ، ئارىلىق سىنىقى، سانائەت
سىنىقى ۋە يېزا ئىگىلىك سىنىقى قىلىپ ئۈلگە كۆر-
سىتىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قەدە-
مىنى تېزلىتىشكە ئىلھام بېرىلىدۇ.

16 - ماددا پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي

مەكتەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرسا ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى قۇرسا بولىدۇ.

17 ـ ماددا پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش سىناق مەھسۇلاتىنى دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتنى سىناپ سېتىشقا دائىر بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، بېكىتىلگەن سىناپ سېتىش مەزگىلىدە سېتىشقا بولىدۇ. سىناپ ئىشلەپچىقىرىلغان، سىناپ سېتىلىدىغان يۇقىرىقى مەھسۇلاتلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا، سۈپەت، بىخەتەرلىك، تازىلىق ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

## 3 ـ باب كاپالەت تەدبىرلىرى

18 ـ ماددا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك مالىيىسىدىن پەن ـ تېخنىكا، تۇراقلىق مۇلۇك سېلىنمىسى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئاجرىتىلىدىغان خىراجەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان نىسبىتى % 2 تىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك، ئۇ ئاساسلىقى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشتىكى يېتەكلەش مەبلىغى، دىسكونتلىق قەرز، قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى ۋە خەۋپ ـ خەتەر مەبلىغى ھەمدە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا تۇرتكە بولىدىغان باشقا مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەستىقلىغان ئارىلىق سىناق بازىسى، سانائەت سىناق بازىسى، يېڭى ئىنكىلىك سىنىقىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى شۇ دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغ خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

19 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېڭى ئىنكىلىك ۋە يېڭى ئىنكىلىككە ئالاقىدار پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، مەكتەپلەر، تېخنىكا كېڭەيتىش تەشكىلاتلىرىنىڭ يېڭى ئىنكىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىشكە ئىشلىتىدىغان يەرلىرىگە كاپالەتلىك قىلىشى، يەر ئىشلىتىش ۋە مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردە مەدەت بېرىشى لازىم.

20 ـ ماددا ئاپتونوم رايون پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش فوندى تەسىس قىلىدۇ، مەبلەغنى مالىيە تارماقلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەر تەمىن ئېتىدۇ، فوندنى توپلاش ۋە ئىشلىتىش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش فوندى ئاساسلىقى سېلىنمىسى، خەۋپ ـ خەتىرى ۋە ھاسىلاتى كۆپ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ، زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى كەسپلەشتۈرۈش تېزلىتىلىدۇ.

21 ـ ماددا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشنى كرېدىت جەھەتتە پائال قوللىشى ۋە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى تەدرىجىي كۆپەيتىشى كېرەك.

22 ـ ماددا پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش مەخسۇس خىراجىتى جايىغا ئىشلىتىلىشى شەرت، ئۇنى ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا، ئىشلىتىۋېلىشىغا ياكى تۇتۇپ قېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

23 ـ ماددا ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە، باج، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش يۈزىسىدىن تۈزگەن باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى لازىم.

كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە شەخسلەر پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان باج پۇلىنى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىشى شەرت.

24 ـ ماددا ئاپتونوم رايون پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى ئۇچۇر تورى ۋە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى ئۇچۇر ـ ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇ-

رۇشقا ئۇچۇر مۇلازىمىتى قىلىدۇ.

## 4 - باب تېخنىكا ھوقۇق - مەنپەئەتى

25 - ماددا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قولغا كەلتۈرگەن ۋەزىپە ئىچىدىكى ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئورۇندالغان كۈندىن تارتىپ بىر يىلغىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇن تەرىپىدىن ئىلاندۇرۇلمىغان بولسا، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئورۇندىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچى ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، شۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئىلاندۇرسا بولىدۇ، لېكىن ئۆز ئورنى بىلەن توختام تۈزۈپ، ئىلاندۇرۇش ۋاقتى، شەكلى ۋە پايدا تەقسىماتىنى پۈتۈشۈشى لازىم.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئورۇندىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچى ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئىلاندۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى، ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ھەمدە تېخنىكىلىق ماتېرىيال ۋە سانلىق مەلۇماتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئورۇننىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقى كېرەك.

كۆپ كىشىلىك تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئورۇندىغان ۋەزىپە ئىچىدىكى نەتىجىنى ئورۇندىغۇچىلارنىڭ پەقەت بىر قىسمى ئىلاندۇرماقچى بولسا، ئورۇن ئۇلار بىلەن ئىلاندۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىغاندا، مۇكاپاتلاش ياكى مۇۋاپىق مەنپەئەت تۆلىمى بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقا ئورۇندىغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم.

26 - ماددا پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئۆز خىزمىتىنى ئورۇنداش شەرتى ئاستىدا، ئۆز ئورنى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، باشقا ئورۇنلاردا تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئىلاندۇرۇش بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللانسا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ئۆز ئورنىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە خىزمەت ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئىلاندۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىشى لازىم.

دۆلەت پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ يۇقىرى، يېڭى كارخانىسى قۇرسا ياكى باشقا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسىغا بېرىپ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئىلاندۇرسا بولىدۇ.

كونكرېت چارىسى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

27 - ماددا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان، ئەسلى ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكەن ياكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئەسلى ئورنىنىڭ ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىدىن ئۆز مەيلىچە پايدىلىنىپ، ئۇنى ئىلاندۇرۇش بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدۇ. بۇ خادىملار ئەسلى ئورنىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىگە ئالاقىدار ئىلاندۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولسا، ئەسلى ئورنى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئالاقىدار ھوقۇق - مەنپەئەتىنى پۈتۈشۈشى لازىم. ئەسلى ئورنىدىن ئايرىلىپ ئىككى يىل ئىچىدە بورۇنقى نەتىجە ئاساسىدا يەنە يېڭىلىق ياراتسا، ۋاقتىدا ئەسلى ئورنىنى خەۋەرلەندۈرۈپ، يېڭى ھوقۇق - مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى كېڭىشىپ بېكىتىشى كېرەك.

28 - ماددا پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ قىممىتىنى مۈلۈك باھالاش ئاپپاراتى باھالىغاندىن كېيىن، باھاغا سۇندۇرۇپ مەبلەغ قىلىپ سېلىشقا، پايغا سۇندۇرۇشقا ياكى مەبلەغ نىسبىتى قىلىشقا بولىدۇ، كونكرېت ئۆلۈشىنى ئالاقىدارلار كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىسىنى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ياكى شىركەت تۈزۈمىدە بولمىغان كارخانىغا مەبلەغ قىلىپ سالغاندا، پاي قىلىپ قوشقاندا، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ باھا سوممىسى شىركەت ياكى كارخانىنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالىنىڭ 35% يگە يەتسە بولىدۇ، ئايرىم پۈتۈشكەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا.

29 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئىلاندۇرۇشتا مۇھىم

تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ؛ گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان شەخسلەرنى كاتتا مۇكاپاتلايدۇ. بۇنىڭ كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈپ چىقىدۇ.

**30 - ماددا** زور پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش تۈرى ئورۇندالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقىنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونغا پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى ئېلىش تەرتىپ بويىچە ئىلتىماس قىلىنسا بولىدۇ.

**31 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئورۇندىغان ئورۇن ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولسا، ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىدىن ئېرىشكەن ساپ كىرىمدىن ئاز دېگەندە 25% ئاجرىتىپ، شۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئورۇنداشتا مۇھىم تۆھپە قوشقان خادىملارنى مۇكاپاتلىشى لازىم.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرغۇچى ئورۇن تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى، تېخنىكا مۇلازىمىتى، تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش، تېخنىكا ھۆددىگەرلىكى پائالىيىتىدە ئېرىشكەن تېخنىكا كىرىمىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئاجرىتىپ، تۆھپە قوشقان خادىملارنى مۇكاپاتلىسا بولىدۇ.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشتىن مەنپەئەتلەنگەن ئورۇن شۇ تۈردە يېڭىدىن ئاشقان پايدىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئاجرىتىپ، مۇھىم تۆھپە قوشقان خادىملارنى مۇكاپاتلىشى لازىم.

**32 - ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئۆز ئالدىغا ياكى باشقا ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىپ ياراتقان پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا كىرىشتۈرگەندىن كېيىن، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە شۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى يولغا قويۇپ تاپقان يىللىق ساپ كىرىمدىن ئاز دېگەندە 5% ئاجرىتىپ مۇكاپاتقا ئىشلىتىشى لازىم؛ ئۇنى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار يولغا قويغان بولسا، ئۇلارمۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى پاي قىلىپ قوشقان چاغدىكى باھا سوممىسىنىڭ ئاز دېگەندە 20% نى مۇكاپاتقا ئىشلەتسە بولىدۇ.

تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە نەتىجىنى ئايلاندۇرۇش داۋامىدا ئاساسلىق تۆھپە قوشقان خادىملار ئېرىشىدىغان مۇكاپات سوممىسى شۇ تۈرنىڭ مۇكاپات ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 50% دىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم.

## 5 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**33 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىدە ساختىپەزلىك قىلىپ ياكى ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ مۇكاپات ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشىۋالغان، پۇل - مالنى ئالداپ ئېلىۋالغان، قانۇنسىز پايدا ئالغانلارنى پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، شۇ مۇكاپات ۋە شان - شەرەپنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، ئۈچ ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەنلەر قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**34 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئۆلچەش ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى باھالاش ئىسپاتى بېرىشتە قەستەن ساختىپەزلىك قىلغانلارنى پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە ئۆلچەشنى تەشكىللىگۈچىگە، باھالاش ئاپپاراتىغا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، ئۈچ ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ۋە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە گۇۋاھنامە تارقاتقان ئور-

گان قانۇن بويىچە بىكار قىلىدۇ. باشقىلارغا ئىقتىسادىي زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

35 ـ ماددا باشقىلارنىڭ بىلىم ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ۋە باشقا تېخنىكا ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئوغرىلىغان ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان ياكى ئالاقىدار كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئوغرىلاشقا، ئىگىلىۋېلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئازدۇرۇپ ۋە مەجبۇرلاپ باشقىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلار قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

36 ـ ماددا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆز ئورنىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز ئورنىنىڭ تېخنىكا مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ قويسا ياكى ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئۆز مەيلىچە ئۆتۈنۈپ بەرسە، باشقىچە يول بىلەن ئۆتۈنۈپ بەرسە، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا قاتناشقان مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئۆز ئورنى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، خىزمەتتىن ئايرىلغان، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن پۈتۈشكەن مۇددەت ئىچىدە ئەسلى ئورنىدىكى بىلەن ئوخشاش پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە قانۇن جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

37 ـ ماددا تېخنىكا سودىسىدا ۋاكالەتچىلىك ياكى ئارىچىلىق قىلىدىغان ۋاستىچى ئاپپاراتلار ۋە بىدىكلەر ھاۋالە قىلغۇچىنى ئالدىسا ياكى ئالاقىدار بىر تەرەپ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ يەنە بىر تەرەپنى ئالدىسا، قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى ئۇلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ۋە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە گۇۋاھنامە تارقاتقان ئورگان قانۇن بويىچە بىكار قىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

38 ـ ماددا پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىدە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىراجىتىنى ئىگىلىۋالغان، ئىشلىتىۋالغان ياكى تۇتۇپ قالغانلارنى ئالاقىدار مەسئۇل تارماق قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ ھەمدە بىۋاستە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

39 ـ ماددا پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىدە خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا قەستەن كاشىلا ۋە توسقۇنلۇق قىلىپ ياكى ئايلاندۇرۇشقا باب كەلمەيدىغان پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا زورلاپ ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلغانلارغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

40 ـ ماددا پەن ـ تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ خادىملىرىدىن پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش داۋامىدا بېپەرۋالىق قىلغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلارغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

## 6 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

41 ـ ماددا بۇ چارە 1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدايلى

«ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى» ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشانغانلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، پۈتۈن جەمئىيەتتە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش ۋە ياشانغانلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

جۇڭخۇا مىللىتى ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ياشانغانلار جەمئىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە، مول تەجرىبىلەرنى توپلاپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى. 1992 ـ يىل 7 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 27 ـ يىغىنىدا «ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى» قاراپ چىقىپ ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەنىدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە، ياشانغانلار خىزمىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىلىپ، ھەر مىللەت ياشانغانلار بەختىيار تۇرمۇش كەچۈردى، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەدە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنى ئاسراش پەيدىنپەي ئادەتكە ئايلاندى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ياشانغانلار ئىشلىرىدا بەزى يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلدى. ئايرىم جايلاردا ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش ئىشلىرى پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇردى. مەسىلەن، بەزى پەرزەنتلەر ياشانغانلاردىن خەۋەر ئالمىدى، ياشانغانلارنىڭ ئۆيىگە قىسىلىپ كىرىۋالدى، ياشانغانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋالدى ۋە ياشانغانلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالدى، ھەتتا ياشانغانلارنى خورلىدى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى؛ ئايرىم ئورۇنلار ياكى تەشكىلاتلار ياشانغانلارنىڭ سىياسەت، تۇرمۇش ۋە پاراۋانلىق قاتارلىق جەھەتلەردە بەھرىمەن بولىدىغان تەمىناتىنى ئۇزاققىچە ئەمەلىيلەشتۈرمىدى. مانا مۇشۇلار ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئېغىر دەرىجىدە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزدى.

رېئاللىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلىتىمىز 1996 ـ يىلى تۈنجى قېتىم ئېلان قىلغان ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلار ئىشلىرىنى ساغلام راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا.

بۇ يىل خەلقئارا ياشانغانلار يىلى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلار تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى «نىزام» نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ياشانغانلارنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئاسرايدىغان ۋە باقىدىغان ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياشانغانلارنى كۈتىنىش، داۋالىنىش، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆگىنىش، خۇشال ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

# كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈشى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ سايلام چارىسى»، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ نىزامنىڭ تۈزۈلۈشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ بىۋاسىتە سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، 10 مىليوندىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، 8543 ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى يولغا قويۇلۇپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ. بىراق، ئايرىم جايلاردا يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ئاساسلىقى: سايلام تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرماي، چات كېرىۋېلىپ، «كۆرسىتىپ»، «ئەۋەتىپ» سايلاتقۇزۇپ ھەتتا بېلەت تاشلىماي، بېلەت ھېسابلىماي، چاۋاك ئارقىلىق ماقۇللاپ، كەنت ئاھالىرىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىغا ئېغىر ھالدا دەخلى يەتكۈزگەن، بۇ ئاساسىي قاتلامدىكى مۇقىمسىزلىق ئامىلىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ سايلام چارىسى» نى تۈزۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا، قانۇنغا خىلاپ سايلام ئۆتكۈزۈش ئەھۋاللىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتىشقا، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تەشكىلىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، سايلام خىزمىتى تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىنتىزامغا، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، پاك ـ دىيانەتلىك، ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا يېتەكلىيەلەيدىغان كىشىلەرنى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاش كېرەك.

«كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ سايلام چارىسى» نىڭ تۈزۈلۈشى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلار كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشى، ھەر بىر ئائىلە، ھەر بىر ئادەمگىچە خەۋەردار قىلىشى لازىم. سايلام خىزمىتىدە ئۆزىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، ئاڭلىقلىق بىلەن قانۇنغا خىلاپ بارلىق قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ سايلام خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى لازىم.

# پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشنى قانۇن بويىچە ئىلگىرى سۈرەيلى

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «چارە» دېيىلىدۇ) نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. بۇ «چارە» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى تىكلەش، ھۆكۈمەت، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشتىكى مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش داۋامىدا ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش»، «نېفىت، پاختا» ۋە «گۈزەل بايلىق مەنبەسىنى ئايلاندۇرۇش» ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىدىكى مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق تونۇۋاتىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىدە ياخشى تەرەققىيات يۈزلىنىشى كۆرۈلدى ھەم بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش نىسبىتى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات تۆھپىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدە، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىدە يەنە ئۇيغۇنلىشالماسلىق، ماسلىشالماسلىقتەك مەسىلىلەر مەۋجۇت. شۇڭا، «ئايلاندۇرۇش قانۇنى» نىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يەرلىك نىزام تۈزۈپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر. پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىق چوڭ ئىش، ئالاقىدار تارماقلار «چارە» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىنى ئۇچقۇشلۇق قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە ئېتىبار بېرىشى، مەبلەغتە كاپالەتلىك قىلىشى، تەدبىر جەھەتتە ئىلھام بېرىشى، جامائەت پىكرى ئارقىلىق قوللىشى لازىم.

# تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلايلى

ئابلەت مامۇت

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىغا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا: «بارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى، قانۇننى ئىجرا قىلىش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش - سىناش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى شەرت» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانۇننىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسلىق شەكىل ھەمدە ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستە سۈپىتىدە زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە بەزى ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. لېكىن ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا تونۇش چوڭقۇر بولمىغاچقا، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى دېگەندەك ياخشى بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قانات يايدۇرۇۋاتقان قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، نۆۋەتتە ئۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش لازىم:

**1. تەكشۈرۈش بىلەن تەكشۈرۈلۈشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئورۇنغا قويۇش لازىم.**

ھازىر بەزى جايلاردا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئۇقتۇرۇشنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قىلماي، ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا قىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مېنىڭچە بۇ مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئوخشاشلا شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى، ئوخشاشلا قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرىدىغان، نازارەت قىلىدىغان سۇبيېكت بولۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەرگىزمۇ تەكشۈرۈلىدىغان ئوبيېكت ئەمەس. ئۇمۇ ئوخشاشلا قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. شۇڭا، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە ئالدى بىلەن تەكشۈرۈلىدىغان ئوبيېكت شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرى شۇنداقلا قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بېكىتكەن ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك) ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە دائىر ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەلەپنى شۇ

دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرۇشى، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بارىدىغان جايدىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە دوكلات ماتېرىيالى تەييارلاش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ھەمدە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى كۈتۈۋېلىشقا دائىر مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار خادىملارنىڭ نازارەت قىلىدىغان بىر تەرەپ سۈپىتىدە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ھەمدە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىشى لازىملىقىنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويۇشى، شۇ ئارقىلىق قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە «ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى چەتتە قاراپ تۇرىدىغان»، تەكشۈرۈش سۇبيېكتى بىلەن تەكشۈرۈلۈش ئوبيېكتىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش لازىم.

**2 . قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە تېمىنى توغرا تاللاش لازىم.**

ھازىر مەملىكىتىمىزدە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن، نىزاملارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويغان قانۇن ۋە قانۇن خاراكتېرلىك قارار، بەلگىلىمە 340 تىن ئاشىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويغان يەرلىك نىزام ۋە نىزام خاراكتېرلىك قارار، بەلگىلىمە 210 دىن ئاشىدۇ. شۇڭا، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە تېمىنى قانداق تاللاش ئوبدان تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى پرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم: بىرىنچى، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش تېمىسىنى تاللاشتا پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەش، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار نۆۋەتتە مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇۋاتقان خىزمەتنى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدىمۇ مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم؛ ئىككىنچى، نۆۋەتتە ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلىرىنىمۇ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇۋاتقان خىزمەت بىلەن پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، پارتكوم قارار چىقارغان، ھۆكۈمەت يولغا قويۇۋاتقان ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نازارەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلارنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلغىلى، شۇ ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى «دەل جايىدا نازارەت قىلىش، دەل پەيتىدە قوللاش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى، ئۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەسىر قوزغاپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.


**3 . قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پىكىرىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈش لازىم.**

ھازىر، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرگەندە، تەكشۈرۈش پىكرىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ئالاقىدار تارماقلارغا يەتكۈزۈپ قويۇپ بولدى قىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مېنىڭچە، بۇنداق قىلىش مۇئەييەن كەمتۈكلۈككە ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچى، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەشكىللىگەن بولغاچقا، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ پىكرىنى ئۇنى تەشكىللىگەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تېخى ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئۇنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتمىگەن ئەھۋالدىلا شۇ جاينىڭ ئۆزىدە يەرلىك ھۆكۈمەتكە يەتكۈزسە ئۇنىڭ نوپۇزى كەم بولۇپ قالىدۇ؛ ئىككىنچى، بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ پىكرى باشقا گۇرۇپپىلار بىلەن ئالماشتۇرۇلمىسا ۋە ئورتاق تەھلىل قىلىنمىسا ئۇ مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت قىس بولغاچقا، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ۋە

تەكلىپلەر چوڭقۇر ئويلىنىش، تەھلىل قىلىنىش ۋە پىششىقلاش جەريانىدىن ئۆتمىگەنلىكتىن، ھامان بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالى بولالمايدۇ؛ ئۈچىنچى، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرىنى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ھەل قىلىشىغا، بەزىلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسىنى قارا - قويۇق شۇ جايدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇۋېرىش مۇۋاپىق بولمايدۇ.

شۇڭا، تەكشۈرۈش پىكرىنى يەتكۈزۈش خىزمىتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ياخشىلاش كېرەك: بىرىنچى، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندا، ھەر قايسى گورۇپپىلار ئۆز پىكرىنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە يەتكۈزىمەن دەپ يۈرمەي، ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىپ بىرلىكتە باش قوشۇپ ئەھۋاللارنى ئالماشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشى ۋە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ماتېرىيال رەتلەپ، تەكشۈرۈش پىكرى تەييارلىشى لازىم. ئىككىنچى، مۇدىرلار يىغىنى چاقىرىپ، ھەر قايسى گورۇپپىلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش لازىم. مۇدىرلار يىغىنى گورۇپپىلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گورۇپپىسىنىڭ رەسمىي پىكرى قىلىپ تەييارلاش كېرەك. ئۈچىنچى، تەكشۈرۈش گورۇپپىسى تەشكىللىگەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پىكىر يەتكۈزۈش يىغىنى ئېچىپ، شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ شۇنداقلا ئالاقىدار ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا يىغىنغا كېلىپ پىكىر ئاڭلاشنى ئۇقتۇرۇشى لازىم. يىغىندا ھەر قايسى گورۇپپىلار قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ، ياخشىلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، قانۇنغا خىلاپ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇرسا بولىدۇ. ئۇندىن كېيىن، شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلى ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن كېيىنكى باسقۇچلۇق تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش خىزمىتى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلسا ھەمدە تارماقلار ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە قارىتا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. بەلگىلىك ۋاقىتتىن كېيىن شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنى ھەمدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەخسۇس يازما دوكلات قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى «بېشىمۇ، ئاخىرىمۇ بار» قىلغىلى، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پىكرىنى يەتكۈزۈش خىزمىتىنى بەلگىلىك سۈر ۋە نوپۇزغا ئىگە قىلغىلى، شۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەريانىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)**



# سودىيىلەرنىڭ دەۋالاشقۇچىلار بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشى — سوت قىلىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى بىر توسالغۇ

تۇختىروزى مەتنۇرى

دۆلىتىمىزدە سودىيىلەرنىڭ سوت قىلىش پائالىيىتى داۋامىدا دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈش ھەم دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئەرز ماتېرىياللىرىنى ئايرىم كۆرۈش ئەھۋالى ئادەتتىكى بىر ئىش بولۇپ كەلدى. شۇڭا كىشىلەرمۇ بۇنى نورمال ھادىسە دەپ قارىماقتا. بۇنداق قىلىشنىڭ زىيىنى نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ، ئەدلىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەتتا جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىمىدى. جەمئىيەتتىكى ئاممىنىڭمۇ، ھەتتا بىر قىسىم سودىيىلەرنىڭمۇ دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشنىڭ زىيانلىقلىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرسىز. بۇ مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش سوت قىلىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئالدىن كۆزلەنگەن ئۈنۈمىگە ئېرىشىشكە باغلىق. ئاشكارا، ئادىل بولغان ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ ھەقىقىي ئورنىتىلىشىغا باغلىق.

سودىيىلەرنىڭ سوت قىلىش پائالىيىتى داۋامىدا دەۋالاشقۇچىلار بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشنىڭ زىيىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1. ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىغا خىلاپ. ئاشكارا سوت قىلىش پۈتكۈل دەۋا پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، شۇنداقلا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن بىر مۇھىم پرىنسىپ. پەقەت ھەقىقىي تۈردە ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن بىزنىڭ سوت پائالىيىتىمىز دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئەدلىيىدىكى ئادىللىقنى كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئوچۇق سوت قىلىش سوت قىلىش پائالىيىتىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلاش بولۇپلا قالماستىن بەلكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭمۇ ئاشكارا بولۇشىنى، يەنى بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچى قاتناشقان سوت پائالىيىتىگە يەنە بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچىنىڭمۇ قاتنىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشى جەمئىيەتكىمۇ، قارشى تەرەپ دەۋالاشقۇچىغىمۇ ئاشكارا بولماستىن، بەلكى «قاراڭغۇ ئۆي» دىكى مەشغۇلات بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئاشكارا سوت قىلىش پرىنسىپىغا مۇخالىپ كېلىدۇ.

2. ئادىللىق پرىنسىپىغا خىلاپ. ئادىللىق قەدىمدىن بۇيان ئىنسانلار جەمئىيىتىنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى خىسلەت، ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭمۇ ئەڭ ئاساسلىق قىممىتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادىللىق يوقالسا، دەۋا تۈزۈمىنىڭمۇ قىممىتى يوقىلىدۇ. ئادىللىق پرىنسىپى سۇبستانسىيىلىك ئادىللىق ۋە تەرتىپ جەھەتتىكى ئادىللىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىسى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈش تەرتىپ جەھەتتە قارشى تەرەپتىكى يەنە بىر دەۋالاشقۇچىغا نىسبەتەن ئادىل بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئەرزنىڭ سۇبستانسىيە جەھەتتىن ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

3. دەۋالاشقۇچىلارنىڭ باراۋەر بولۇش پرىنسىپىغا خىلاپ. دەۋالاشقۇچىلارنىڭ باراۋەر بولۇشى ھەق تەلەپ تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، شۇنداقلا ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە تۈپ كاپالىتى. ئۇ دەۋاغا قاتناشقان دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋادىكى ئورنى، ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان پۇرسەت، مەجبۇرىيەت ئادا قىلىدىغان تەرتىپ قاتارلىق جەھەتلەردە باراۋەر بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دەۋالاشقۇچى ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىسى بىلەن ئايرىم ئۇچراشقاندا، ئوبيېكتىپ جەھەتتە بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچىنىڭ پىكىر بايان قىلىدىغان پۇرسىتى كۆپ بولىدۇ، ھوقۇقىنى تېخىمۇ تولۇق يۈرگۈزەلەيدۇ، يەنە بىر تەرەپ

دەۋالاشقۇچىغا نىسبەتەن بۇنداق پۇرسەت بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئورنى باراۋەر بولۇش پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلمەي قالىدۇ.

4. ئۇنۇم پرىنسىپىغا خىلاپ. ئۇنۇم — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كىشىلەر دەۋا پائالىيىتىگە قويغان بىر يېڭى تەلەپ. پەقەت دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ماجىراسى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنغاندىلا ئىجتىمائىي سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى تېز ئاشكارىلىنىدۇ. دەۋادىكى نىشانمۇ ئۇز ۋاقىتدا ئوبورت ساھەسىگە قايتىپ كېلىپ، تېخىمۇ چوڭ قىممەت يارىتىدۇ. ھەر خىل چىقىملار ئازىيىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان سىلىنما كۆپىيىپ، ئۇنۇمى يۇقىرى بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ ئورنىتىلىپ، دەۋا قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ماھىيەتتە تەكرار ئەمگەك ۋە ئۇنۇمسىز ئەمگەك بولۇپ، ئۇ دەۋالاشقۇچىلارغا، سودىيىلەرگە ۋە جەمئىيەتكە ئادەم كۈچى، مادىي كۈچ، مالىيە كۈچى، ۋاقىت قاتارلىق جەھەتلەردىن يۈك پەيدا قىلىپ، دەۋانىڭ خىراجىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، دەۋانىڭ ئۇنۇمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ

5. سودىيىلەرنىڭ «بىتەرەپ» پرىنسىپىغا خىلاپ. «بىتەرەپ» پرىنسىپى دېگىنىمىز، سودىيىنىڭ پۈتكۈل دەۋا پائالىيىتى داۋامىدا دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ بىلەن چوقۇم «زۆرۈر ئارىلىق» ساقلاپ، ئوبيېكتىپ ئادىل مەيداندا تۇرۇپ، دېلونى ھېچ قايسى تەرەپكە يېتەكچىلىك كەتمەي سوت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سودىيە بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچى ياكى ئۇنىڭ ۋاكالەتچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىككىنچى بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچى بىلەن ئۇچراشمىسا ياكى بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچى بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ، يەنە بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچى بىلەن ئازراق ئۇچراشسا، ئوبيېكتىپ جەھەتتە سودىيە دەۋالاشقۇچىلار بىلەن «ئارىلىق ساقلاش» پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش سودىيىلەرنىڭ «بىتەرەپ» پرىنسىپىغا خىلاپ.

6. سوتتا قاراپ چىقىش ئىقتىدارىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. سوت قىلىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنىڭ بىرى دېلونى سوتتا قاراپ چىقىش بولۇپ، سوتتا قاراپ چىقىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە دېلونى سوت قىلىدىغان پائالىيەت رايونى قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەت. مانا بۇ سودىيىلەرنىڭ سوت ئېچىشتىن ئاۋۋال دېلو ئەھۋالىنى كۆپ چۈشەنمەسلىكىنى، تېخىمۇ مۇھىمى كۆز قارىشىنىڭ مۇقىم بولۇپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، سودىيىنىڭ سوت ئېچىشتىن ئىلگىرىكى تەسىراتى دېلونى سوتتا سوت قىلىپ قاراپ چىقىشقا ئەكس تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەتتا سودىيىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە «ئالدىن بېكىتىلىپ سوت قىلىش» شەكىللىنىپ قالىدۇ. دېمەك، سودىيىلەر سوت قىلىشتىن ئاۋۋال دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئۇچراشسا بۇنداق ئەكس تەرەپتىن ساقلىنىش قىيىن بولىدۇ.

7. سودىيىنىڭ ئوبرازىغا ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئورنىغا تەسىر يېتىدۇ. سودىيىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە كەسىپ ۋە سالاھىيەت سودىيىدە ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە ئىناۋەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئانچە ئىستىل — چىرىكلىك ھادىسىلىرى يۈز بەرمىسىمۇ، لېكىن سودىيىنىڭ ئابرۇيىغا ۋە ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ. سوت مەھكىمىسىنىڭ ئورنىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ.

8. سودىيىلەرنىڭ دەسلەپكى كۆز قارىشىغا ئىسپاتلىنىش ھالىتى ئاسانلا شەكىللىنىپ قالىدۇ. سوت پائالىيىتىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ھۆكۈم - كېسىمىنىڭ ئادىللىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، سودىيىنىڭ دېلوغا بولغان تونۇشى دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىش، دەلىل - ئىسپات سېلىشتۇرۇش، مۇنازىرە قىلىش قاتارلىق ئۆزئارا قارشىلىشىش ھەرىكەتلىرىنى تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنسە، ئاندىن دېلونى سوت قىلىپ ھۆكۈم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. سودىيە دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشسە دېلوغا بولغان قارشى شەكىللىنىپ قېلىپ، ئاسانلا دەسلەپكى كۆز قارىشىغا ئىسپاتلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دېلوغا بولغان تونۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

9. ئەدلىيە مۇھىتىنى ياخشىلاشقا پايدىسىز. نۆۋەتتە ئەدلىيە مۇھىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى

ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئەدلىيە مۇھىتىنى ياخشىلاشتا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا تايىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى ياخشىلاشقا تايىنىش كېرەك. ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىشتا كۆپ سانلىق كىشىلەر ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ئۇچرىشىدۇ. ئەمما سوت مەھكىمىسى ياكى سوتىيىلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىدىغان ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس. دەۋالاشقۇچىلار بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈش بىر تەرەپتىن سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە پائالىيىتىگە ئىنتايىن يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، سوت مەھكىمىسى بۇنداق مۇناسىۋەتنى چەكلىمىسە ياكى بۇنىڭغا شارائىت ھازىرلاپ بەرسە، ئەدلىيە مۇھىتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

10. ئەدلىيىدە چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرى ئاسان يۈز بېرىدۇ. سوتىيە بىلەن دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى ئايرىم ئۇچرىشىدىغان جايلار ئىشخانا، ئاشخانا، قاۋاقخانا، تانسىخانا ۋە سوتىيىنىڭ ئائىلىسى قاتارلىقلار بولۇپ، ئىشخانىدىن باشقا جايلاردا ئۇچرىشىش ئەلۋەتتە چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خېلى كۆپ ساندىكى ئەدلىيىدىكى چىرىكلىك دەۋالاشقۇچىلار بىلەن ئايرىم كۆرۈشكەنلىكتىن يۈز بەرگەن. دەۋالاشقۇچىلار بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈش ئەدلىيىدە چىرىكلىشىشنىڭ تۇپرىقى ۋە يىلتىزى. ئەگەر دەۋالاشقۇچى ھەر ئىككى تەرەپ سوتىيە بىلەن سوتتىلا ئۇچراشسا مېھمانغا بارىدىغان، سوۋغا قوبۇل قىلىدىغان، پارا بېرىدىغان، پارا ئالىدىغان ئەدلىيىدىكى چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرمەيدۇ ياكى بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بۇنى ئىدىيە جەھەتتىن چوقۇم تونۇپ يېتىش كېرەك. بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا، تۇرغۇزۇلىدىغان ئەدلىيە پرىنسىپلىرىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئەدلىيىدە ئادىل بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 1998 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئېلان قىلغان «ھەق تەلەپ ئىقتىسادىي سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» دە ئېنىق قىلىپ: «كېڭەشمە سوت ئەزالىرى ۋە تەنھا سوت قىلغۇچى خادىملار سوت ئېچىشتىن ئىلگىرى دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەندى. بۇ دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم دەۋالاشقۇچى بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىشنى چەكلىگەن پرىنسىپاللىق بەلگىلىمە بولۇپ، سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى. ئېنىق كۆرۈش كېرەككى، بۇنداق ئىسلاھاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر ئېغىر بولغاچقا، بۇنىڭغا راسا كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. ئۆزىنى چەتكە ئېلىش تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئەگەر سوتىيە دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئايرىم ئۇچراشقان بولسا، مەزكۇر سوتىيە ئۆزلۈكىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى كېرەك. قارشى تەرەپ دەۋالاشقۇچىمۇ سوتىيىدىن شۇ سەۋەب بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. بۇ دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىلىرىنىڭ سوتىيىلەر بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىشىنى چەكلەشتىمۇ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 45 - ماددا 1 - تارماق 3 - تارماقچىسىدا سوتىيىنىڭ «شۇ ئەنزىدىكى دەۋالاشقۇچىلار بىلەن باشقا مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئەنزىنىڭ ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولسا ئۆزىنى چەتكە كېلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، سوتىيە بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچى ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىسى بىلەن ئايرىم كۆرۈشسە بولۇپمۇ ئاشخانا، قاۋاقخانا، تانسىخانا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ھەمدە سوتىيىنىڭ ئائىلىسىدە ئايرىم ئۇچراشسا، «ئەنزىنىڭ ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بار» دەپ قاراش كېرەك.

2. دېلونى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ۋاقىتدا سوت قىلىش، سوت قىلغاندىن كېيىنلا كېڭەشىش تۈزۈمىنى تېزدىن تۇرغۇزۇپ، سوت ئۈستىدە ھۆكۈم

ئېلان قىلىشقا بولىدىغانلىرىغا سوت ئۈستىدە ھۆكۈم
ئېلان قىلىش ، سوت ئۈستىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىشقا
بولمايدىغانلىرىغا، تەكشۈرىدىغان مەسىلە ۋە تەمىنلەي-
دىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى بېكىتىپ ، ھۆكۈم ئېلان
قىلىش ۋاقتىنى ئۇقتۇرۇش كېرەك. بۇنداق بولغاندا
ئوبيېكتىپ جەھەتتە «ئايرىم ئۇچرىشىش» پۇرسىتى ۋە
شارائىتىنى بىكار قىلىپ «ئايرىم ئۇچرىشىش» ھادى-
سىلىرىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

3. سوتتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق قىلغۇچى
سودىيە بىلەن دېلوغا ھۆكۈم - كېسىم چىقىرىدىغان
سودىيىنى ئايرىۋېتىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك.
بىر قىسىم سودىيىلەر مەخسۇس سوت قىلىشتىن ئىل-
گىرىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك. مەسىلەن،
ئەرزنامە، ئەيىبلەشنامىنى يەتكۈزۈش، جاۋابەن ئەرزنى
تاپشۇرۇپ ئېلىپ يەتكۈزۈش، دەلىل - ئىسپاتلارنى توپ-
لاش، دەۋالاشقۇچىلارنى ئۆزئارا دەلىل - ئىسپات ئالماش-
تۇرۇشقا تەشكىللەش قاتارلىقلار. بىراق ئۇلار دېلولارغا
ھۆكۈم - كېسىم چىقىرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بول-
مايدۇ. يەنە بىر قىسىم سودىيىلەر مەخسۇس دېلولارنى
ئوچۇق سوت قىلىپ ھۆكۈم - كېسىم چىقىرىش بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار يېپىق ھالەتتە ئىش بېجىرىدۇ،
بۇنداق بولغاندا ئۇلار دەۋالاشقۇچىلار بىلەن ئايرىم ئۇچ-
راشمايدۇ. سوت ئېچىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق سو-
دىيىلەر دەۋالاشقۇچىلار بىلەن ئايرىم ئۇچراشقاندىمۇ ئۇ-
نىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، دەۋالاشقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ
دەۋا ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشنى مەنئى
قىلىش نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوت قىلىش ئۇ-
سۇلىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى بىر چوڭ تېما بولۇپ
قالدى. شۇڭلاشقا بۇنىڭغا قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيە سا-
ھەسىدىكىلەر كۆڭۈل چاقىرىق قىلسا، ئەدلىيە سا-
ھەسىدىكىلەر زور ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، بۇ
خىزمەتتىن ئۈنۈم قازانغىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور گۇما ناھىيىلىك خەلق سوت
مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى)**

---

(بېشى 40 - بەتتە)

زارنى سۇپەتلىك سۇ مېيى ۋە كۈنجىرە بىلەن تەمىنلەپ
قوشۇمچە كىرىمگە ئېرىشتى. ئابابەكرى قارى ھاجىم
باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر يىلى كۆچەت
قويۇپ، سورتلارنى تاللاپ ئۇلاش ئارقىلىق ئۈچ مو كۆ-
لەمدە ئۆرۈك، ئالما، ئامۇت قاتارلىق سورتلۇق مېۋە يې-
تىشتۈرگەندى، ھازىر ھەر يىلى گۈلە ئىسلىغۇچىلارغا
ئۆرۈك سېتىپ قىلىدىغان كىرىمى 3000 يۈەنگە يەتتى.

ئابابەكرى قارى ھاجىم ئۆزى ھاللانغاندا نام-
راتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، كەنت
پارتىيە ياچېيكىسى ۋە ئاھالە كومىتېتىغا ئىلتىماس
قىلىپ، 1995 - يىلى كەنتتىكى 10 نامرات ئائىلىنى
بېيىتىشنى ھۆددىگە ئالغانىدى. بۇ ئائىلىلەرگە ئىقتى-
سادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، تېخنىكا جەھەتتىن يې-
تەكلەپ ۋە مەسلىھەت بېرىپ، يار - يۆلەك بولۇش نەتى-
جىسىدە ھازىرغا قەدەر ئالتە ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇل-
دى. ئىككى ئائىلە ئاساسىي جەھەتتىن قىيىنچىلىقتىن
قۇتۇلدى.

ئابابەكرى قارى ھاجىم يىللاردىن بۇيان ساخا-
ۋەتلىك قولىنى سۇنۇپ، نامرات ئائىلە ۋە تۇرمۇشتا قى-
يىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 2000 كىلوگىرام كۆمۈر،
500 كىلوگىرام ئاشلىق، ئىككى تونىنا ئوغۇت، 200 كى-
لوگىرام سۇ مېيى، 500 يۈەن قىممىتىدە كىيىم - كې-
چەك ياردەم بەردى.

ئابابەكرى قارى ھاجىم يېڭىشەھەر ناھىيە-
سىگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان تازغۇن يېزىسىدىكى جا-
مەنىڭ ئىمام خاتىپلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ھازىر
يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەت-
لىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى، يېڭىشەھەر ناھە-
يىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق
سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى.

ئابابەكرى قارى ھاجىم يېڭىشەھەر ناھىيە-
سىگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ھەر يىلى «بەشتە ياخشى»
دىنىي زات، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار
شەخس»، «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ خەلقنى سۆيۈش
ئۈلگىسى»، «قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى
باشلامچى»، «جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى
ئىلغار شەخس»، «نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشتىكى
ئۈلگە» بولۇپ باھالىنىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە،
ھۆكۈمەت، كەسىپ باشقۇرغۇچى ئورۇنلار تەرىپىدىن
تەقدىرلىنىپ كەلمەكتە.

**(ئاپتور قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان
بازىرىدىن)**

# خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك

دۇربېنباۋ  گو يۇفېي

نازارەت قىلىش — تەپتىش قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش دېگەنلىكتۇر. دۆلىتىمىزنىڭ نازارەت قىلىش مېخانىزمى كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە. دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى بارلىق نازارەت قىلىش شەكىللىرى ئىچىدە، يۇقىرى قاتلام، يۇقىرى ئىمتىيازغا، يۈكسەك قانۇنىي كۈچكە ئىگە نازارەتچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىدە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئارقا تىرەك، دۆلەتنىڭ زورلاش كۈچىنى كاپالەت، تەڭ دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنىنى ئاساسلىق نازارەت قىلىش ئوبيېكتى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملار، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەمدە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇھىم نازارەت مەزمۇنى قىلىش، ئەڭ دېموكراتىكلىككە ۋە كەڭ دائىرىلىككە ئىگە بولغان قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش بولۇپ، بۇنىڭدا دۆلىتىمىزنىڭ بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ بولۇشتەك دۆلەت خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىدە قانۇن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەيدىغان قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش روھى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك.

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئاساسىي تەلىپى ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن بولغاندىكەن ئاساسلىنىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ يادروسى يەنىلا قانۇن بويىچە ئىش قىلىش. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملارنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندا رىئايە قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان قانۇن نازارەتچىلىكى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم بىر خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرى بىر مەزگىل ئىچىدە ئۆز رايونىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسلىق قانۇن، نىزاملارنىڭ رىئايە قىلىنىش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، ئاجىز ھالقا ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ تۈزىتىشى ۋە ئۆزگەرتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۆكۈمەت تۈزۈپ ئېلان قىلغان مەمۇرىي نىزام خاراكتېرىدىكى ھۆججەتلەرگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ روھىغا ماس كەلمىگەن بەلگىلىمە ۋە مەزمۇنلارنى دەل ۋاقتىدا تۈزىتىپ، قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك



**خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىدە چوڭ ئومۇمىيلىق، چوڭ سىياسەت ۋە چوڭ ئىشلار ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى لازىم.**

يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك قىلىشتا كۈچنى ئۆز رايونىدىكى چوڭ ئىشلارغا قارىتىشى، يەنى ماكرو جەھەتتە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. مەسىلەن: خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىدا ماقۇللانغان قارار، بېكىتمىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، بولۇپمۇ پىلان ۋە خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا تۈزۈلۈش، قاراپ چىقىپ تەستىقلاش جەريانىنى نازارەت قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئىجرا قىلىنىش، تەڭشىلىش جەريانىنىمۇ نازارەت قىلىش، مۇھىم نۇقتىنى پىلاندىن ئاشۇرۇۋېتىش، نەق چوتتىن ئاشۇرۇۋېتىش ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىشقا قارىتىش لازىم. شۇ رايون تەۋەسىدىكى چوڭ ئىشلار توغرىسىدا تەدبىر بەلگىلەش ۋە زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى، مەسىلەن، ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشى، ئومۇمىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە زور ئىسلاھات لايىھىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئومۇمىي گەۋدە پىلانى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار، ئاممىنىڭ ئىنكاسى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچلۈك بولغان مەسىلە قاتارلىقلارنى خەلق قۇرۇلتىيى مۇھىم كۆندىلىك خىزمەت قاتارىغا كىرگۈزۈپ، نازارەت قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىدە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك.**

خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەتچىلىرىنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرىدۇ، ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارغا نىسبەتەن نازارەتچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەيدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملارغا خىلاپ بولغان ۋە ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلالمىغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان قىلمىشلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىدۇ. نازارەت قىلىش شەكلى، بىرىنچى، سايلىنىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرنى تەكشۈرۈش، ھەر تەرەپنىڭ ئىنكاسىنى ئىگىلەش؛ ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە ئىش قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا، خىزمەت ۋەزىپىسىنى يۇرگۈزگەندە ئەستايىدىل بولغان ـ بولمىغانلىقىغا، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا، خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراشنى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرنىڭ خىزمەت تەپسىلاتىنى ئاڭلاش، باھالاش ، نازارەت قىلىشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى قىلىش كېرەك . نازارەت قىلىش جەريانىدا، كۈچلۈكلەرگە ، ئادەم ۋە ئىشلارغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە سوراققا قويۇش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش قاتارلىق ئىشلاردا كۈچلۈك نازارەتچىلىك قىلىش ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇپ، نازارەت قىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلمىغانلارنى، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ كەسكىن تەنقىدلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىنىڭ ئىمتىيازى ۋە زورلاش كۈچىنى ھەقىقىي تۈردە نامايان قىلىش لازىم.

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى سانىدىن) ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ئېلىمىزنىڭ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك باسقۇچى

◇◇◇ ئايگۇل مۇھەممەت ◇◇◇

دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگىنىمىزدە، خۇددى پارتىيىنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيىدا كۆرسىتىلگەندەك: «ئۇ ــ ھەر قانداق دۆلەت سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغاندا بېسىپ ئۆتىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىدا قالغان، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان شارائىتتا تۇرۇۋاتقان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتا بېسىپ ئۆتۈشى مۇقەررەر بولغان ئالاھىدە باسقۇچ» تۇر. بۇ ئېلمىي ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھۋالى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى رېئال ئەھۋالنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىكى تۈپ نەزەرىيىۋى ئاساسلار تۆۋەندىكىچە:

**1. بۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تارىخىي ئالدىنقى شەرتى بەلگىلىگەن.**

ئېلمىي سوتسىيالىزم شۇنداق دەپ تونۇيدۇكى، سوتسىيالىزم كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، كاپىتالىزم شارائىتىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلانغانلىقىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. بۇ ماركسىزم ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانونىيىتى نوقتىسىدىن يېشىپ بەرگەن، سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تارىخىي ئالدىنقى شەرتىدۇر. يېقىنقى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇشتىكى دۆلەت ئەھۋالى بىلەن ماركسىزمنىڭ يۇقىرىدا مۆلچەرلەپ ئۆتكەن، سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي ئالدىنقى شەرتى ئىنتايىن زور پەرقلىنىدۇ. ماركسىزم ئېيتقان تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئاساسىغا قۇرۇش بىلەن قىلچە يېقىنلاشمايدۇ. ئەكسىچە، ئېلىمىز سوتسىيالىزمى ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى قالاق بولغان يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ئاساسىغا شۇنداقلا، ئىلگىرى ئۆتكەن يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن كېيىن قۇرۇلغان. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، مۇقەررەر ھالدا بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. باشقا نورغۇنلىغان دۆلەتلەر كاپىتالىزم شارائىتىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان سانائەتلىشىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىجتىمائىيلىشىش، بازارلىشىش، زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر قاتار جەريانلارمۇ، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان تارىخىي باسقۇچىدۇر.

**2. بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ رېئال دۆلەت ئەھۋالى بەلگىلىگەن.**


40 نەچچە يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى 20 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا، ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ھەر خىل ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشكەن، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىمىز ئاشقان، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان بولسىمۇ لېكىن ئومۇمىي گەۋدىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلماسلىق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم يەنىلا دۇنيادىكى خېلى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك قانۇن تېخى پۈتۈنلەي مۇكەممەللەش-

مىدى. فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىستىك چىرىك ئىدىيە ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئادەت كۈچى يەنىلا جەمئىيەتتە كەڭ دائىرىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇڭا، دەۋرنىڭ ۋە دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى بىلەن نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلارنى ئوبيېكتىپ، ئىلمىي ھالدا تەھلىل قىلىپ، ئېلىمىز تۇرۇۋاتقان ۋە شۇنداقلا خېلى ئۇزۇن مەزگىل تۇرىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى قايتا بىر قېتىم تەكىتلىشىمىز كېرەك.

**3. سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ چوڭقۇر خۇلاسىسى.**

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسى نەزەرىيىۋى خۇلاسىگە يېقىنلاشقان ھەم ئەمەلىي تەجرىبىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى قۇرۇلۇشقا باشلىنىشى بىلەنلا، بىز ئۇنى جۇڭگودەك مۇشۇنداق قالاق بىر شەرق چوڭ دۆلىتىدە ئېلىپ بېرىشىمىزنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان بىر ئالاھىدە باسقۇچ ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىدۇق. ئەكسىچە، ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىمىزنى ئىنتايىن يۇقىرى مۆلچەرلەپ «سول» چىل خاتالىق ئۆتكۈزدۇق. سىياسىي جەھەتتىكى «سول» چىللىقنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى باسقۇچ كۈرىشىنى ئاساسىي رامكا قىلىۋېلىشتا، كۈرەشنى يۇقىرى دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىشتە ئىپادىلەندى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى «سول» چىللىقنىڭ ئىپادىلىرى بولسا، مۈلۈكچىلىك جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى تەكىتلەش ۋە بىر خىللا مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا، قالايمىقان «كوممۇنىزم شامىلى» دا ئىپادىلەندى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا بولسا، قارىغۇلارچە يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ قوغلىشىشتا ئىپادىلەندى.

بۇ ئىككى خىل «سول» چىللىقنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشىمايدۇ. بىراق، ئورتاق مەنبەسى شۇكى، ئۇنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا بولغان تونۇشى ئېنىق ئەمەس. لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ بەلگىلىنىشى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىنتايىن زور توسالغۇلۇق رول ئوينايدۇ.



سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا خۇلاسىلىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىي تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى قايتا تونۇش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئىلمىي ھۆكۈم. 20 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرى — ھەممىدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغانلىقتا، ئاشۇ خىل يۇقىرى باسقۇچ خاتا ئۇقۇمى ۋە خاتا سىياسەتنى يەڭگەنلىكتە.

قىسقىسى، پەقەت سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى، ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي نۇقتىدا پۇت تىرەپ تۇرغىلى، جۇڭگو تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغىلى، «يۇقىرى باسقۇچ» ئىدىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى چەكلەپ، باشقا بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن ئىبارەت ئاساستا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن، قانداق قىلغاندا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شەرھلەپ ئۆتكەن، بىزنىڭ بۇ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىمىزدىن بىر قەدەر قالاق بولغان دۆلەتلەردە قانداق قىلىپ سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ بىر قاتار ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى توغرا، چوڭقۇر چۈشەنگىلى ۋە ئىگىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپتىن)

# خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا

ئەركىن روزى

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقى، ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىغا بېرىلگەن مۇھىم خىزمەت ھوقۇقى بولۇپ، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى ھەمدە خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئىپادىسى.

ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنىڭ مەنىسىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك: خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، خەلقنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ۋاكالىتەن، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قارىتا، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ۋە ئۇسۇللارغا ئاساسەن قوللىنىدىغان ئەھۋال ئىگىلەش، تەكشۈرۈش، قاراپ چىقىش، بىر تەرەپ قىلىش ھەرىكىتىدۇر.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ھەيدەكچىلىك قىلىش ھوقۇقى ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

ھەيدەكچىلىك قىلىش دېگىنىمىز، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ھەيدەكچىلىك قىلىش خاراكتېرىدە ئىگىلەش، تەكشۈرۈش ۋە قاراپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ؛ بىر تەرەپ قىلىش دېگىنىمىز، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ زور ھەرىكەتلەر ياكى نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، تۈزىتىش ۋە جازالاشنى كۆرسىتىدۇ.

نۆۋەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە، ھەيدەكچىلىك قىلىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەل قاراش، بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش يېتەرلىك بولماسلىق ئەھۋاللىرى ساقلانماقتا. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىنىڭ ماھىيىتى يەنىلا دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇشتىن ئىبارەت. دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى دۆلەت تۈزۈلمىسىدە يادرولۇق ئورۇنغا ئىگە، باشقا دۆلەت ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قارار قىلىش بىلەن ئىجرا قىلىش، نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتى، چەكلەش ـ چەكلىنىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. بۇ خىل نازارەتچىلىكنىڭ ئوبيېكتى، مەزمۇنى ۋە دائىرىسى، پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش نازارەتچىلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي نازارەتچىلىكى، تەپتىش ئورگىنىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكى قاتارلىقلار بىلەن ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا قانۇنىي ئورنىمۇ پەرقلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكى دۆلەت ۋە

خەلققە ۋاكالىتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئەڭ ئالىي قانۇن كۈچىگە ئىگە نازارەتچىلىك.

بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. بۇنى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، هۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسى قانۇن ۋاستىلىرى ئارقىلىق ماكرولۇق تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەردى. بۇنداق ئەھۋالدا، خەلق قۇرۇلتىيى هۆكۈمەتنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان-ئۇيغۇنلاشمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن ياكى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلىكىنى نازارەت قىلىپ، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.


ئىككىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى يېڭى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تەڭشەشكە پايدىلىق. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەنپەئەت سۇبيېكتلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىشى ۋە تارقىلىشى بولغاچقا، مۇقەررەر هالدا يېڭى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كۆپ تەرەپلىمە، تارقاق، مۇستەقىل، باراۋەر بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئەركىن، ئادىل، تەرتىپلىك رىقابىتى زور بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قانۇنلارنىڭ بازار سۇبيېكتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغدىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. دېمەك، بۇ قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بازار ئىگىلىكىدىكى پاسسىپ ئامىللارنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن باشقا يەنە بەزىبىر ئاجىزلىقلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، قىسمەن مەنپەئەتنى قوغلىشىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتنى ياكى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش، نامۇۋاپىق رىقابەت ئارقىلىق بازار ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى مونوپول قىلىۋېلىش، يالغان، ساختا تاۋارلارنى سېتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى ئارقىلىق، هۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ بۇلارنى قەتئىي تۇسۇشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىغا هەيدەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى، چىرىكلىكنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە چەكلەشكە پايدىلىق. چىرىكلىك بازار ئىگىلىكىدىلا ئەمەس بەلكى هەر قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدا مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بازار ئىگىلىكىنىڭ بەزى ئاجىزلىقلىرى چىرىكلىكنىڭ يەنىمۇ يامراپ كېتىشىگە پايدىلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. كۈچلۈك نازارەتچىلىك ۋە چەكلەش بولمايدىكەن، هوقۇقنىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىپ، چىرىكلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، تۈزۈم جەھەتتە چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشنىڭ مۇھىم مېخانىزمى هېسابلىنىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، جايلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىشتىكى ئوبيېكتلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى بېكىتىپ، قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قاراپ چىقىشتا ئەستايىدىل بولۇپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ، تەشۋىقات ۋە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە هالقىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات باشقارمىسىدىن)



# زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى ھوقۇقى توغرىسىدا

مۇھەممەتجان غوپۇر

جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى جىنايى ھەرىكەتنىڭ بىۋاسىتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دەۋا پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ ۋە نازارەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، جىنايەتچىنى جازالاتقۇزۇش مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلايدۇ.

ئۇنداقتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار دەۋا پائالىيىتىگە قاتناشقاندا قانداق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ؟

**1. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تەھقىقلەش ۋە ئەيىبلەش باسقۇچىدىكى ھوقۇقى**

①شىكايەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 84 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدا: «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۆزىنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەن جىنايەت پاكىتلىرىنى ۋە جىنايەت گۇماندارلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىغا، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىش ياكى شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئەدلىيە ئورگانلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ شىكايىتىنى قوبۇل قىلىشى ھەمدە تېزلىكتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، جىنايى قىلمىشى جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بېرىپ يەتكەنلىرىگە دەرھال دېلو تۇرغۇزۇشى كېرەك. جىنايەت پاكىتى بولمىسا ياكى يېنىك بولۇپ جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بېرىپ يەتمىسە، دېلو تۇرغۇزماي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا دېلو تۇرغۇزماسلىقنىڭ سەۋەبىنى يەتكۈزۈپ قويۇش كېرەك. ئەگەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدا جاۋابكارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەنلىك پاكىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان دەلىل ـ ئىسپاتى بار تۇرۇقلۇق ج خ ئورگانلىرى دېلو تۇرغۇزمىسا ھەمدە تەپتىش ئورگانلىرى ئەيىبلىمەسلىكنى قارار قىلسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە ئەرز سۇنۇشقا ۋە شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

②دەۋا ۋاكالەتچىسىگە ھاۋالە قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ ئىشتىراكچىسى بولغىنى ئۈچۈن، سالامەتلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەۋاغا قاتنىشالمىغان بولسا ياكى باشقىلارغا ھاۋالە قىلمىشنى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا تېخىمۇ پايدىلىق دەپ قارىسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ياكى ئادۋوكاتقا دەۋاغا قاتنىشىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

③تەھقىقلىگۈچى ئورگاندىن باھالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 121 ـ ماددىسىدا: «تەھقىقلىگۈچى ئورگان دەلىل ـ ئىسپات قىلىنىدىغان باھالاش خۇلاسىسىنى جىنايەت گۇماندارىغا ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ئۇقتۇرۇشى لازىم. جىنايەت گۇماندارى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىلتىماس قىلسا تولۇقلاپ باھالاشقا ياكى قايتا باھالاشقا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ج خ ئورگىنى ياكى تەپتىش مەھكىمىسى دەلىل ـ ئىسپات قىلىدىغان باھالاش خۇلاسىسىگە (مەسىلەن ئوغرىلانغان مال ـ مۈلۈك باھاسىغا ياكى زەخمىلىنىش ئەھۋالىنىڭ دەرىجىسىگە) ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى بېرىشكە ھوقۇقلۇق. باھالاش خۇلاسىسىنى توغرا بولمىدى دەپ قارىسا، تەھقىقلىگۈچى ئورگاندىن قايتا باھالاپ بېرىشنى ياكى تولۇقلاپ باھالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**2. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ**

**سوتلاش باسقۇچىدا بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقى**

①جىنايى ئىشلار دەۋاسىغا قاتنىشىش ھوقۇقى بولىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ئېچىشتىن ئون كۈن بۇرۇن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلەشنامىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى جىنايەت گۇماندارىغا يەتكۈزۈش بىلەن بىرلىكتە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغىمۇ يەتكۈزۈشى كېرەك ھەمدە سوتنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى، ئورنى قاتارلىقلارنى ئۇقتۇرۇپ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلەشنامىسىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى كېرەك، شۇنداقلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئەيىبلەشنامىگە قوشۇلۇش ياكى قوشۇلماسلىقىنى بېكىتىشىگە، مۇستەقىل دەۋا تەلىپى بار ـ يوقلۇقى، دەۋاغا قاتنىشىش ياكى قاتناشماسلىق ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

②چەتكە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ ئىشتىراكچىسى بولغىنى ئۈچۈن، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دەۋا پائالىيىتىدىكى ئادىللىقىنى نازارەت قىلىشقا قاتنىشىدۇ. كېڭەشمە سوت ئەزالىرى، پۈتۈكچى، ئەيىبلىگۈچى، باھالىغۇچى، تەرجىمانلارنىڭ مەزكۇر ئەنزە بىلەن پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئەنزىنىڭ ئادىل سوتلىنىشىغا تەسىر يېتىدۇ دەپ قارىسا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

③بايان قىلىش، مۇنازىرىلىشىش ھوقۇقى بولىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئەيىبلەشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان جىنايەتكە پىكىر قىلىشقا ۋە ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان شىكايىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، دەلىل ـ ئىسپات ۋە ماددىي پاكىت كۆرسىتىشكە ھەم مۇنازىرىلىشىپ ئۆزى شىكايەت قىلغان جىنايەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ھوقۇقلۇق.

④ئۆزىنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى ئەركىن بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ دەۋاغا قاتنىشىش ھوقۇقى بولىدۇ دېگەنلىك، بارلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ھەممىسى دەۋا پائالىيىتىگە چوقۇم قاتنىشىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرسىمۇ، شىكايىتىدىن ۋاز كەچسىمۇ ياكى شىكايەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىلتىماس قىلىپ شىكايىتىنى قايتۇرۇۋالسىمۇ بولىدۇ. ئۆزى ئەرز قىلغان دېلولاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھۆكۈم ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن جاۋابكار بىلەن كېلىشىۋېلىپ، شىكايىتىنى قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ. ئەيىبلەنگەن دېلولاردا، خەلق سوت مەھكىمىسى ئەيىبلەشنامە، سوتنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى، ئورنى قاتارلىقلارنى يەتكۈزگەن ۋاقىتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دەۋا پائالىيىتىگە قاتنىشىش ياكى قاتناشماسلىقنى بېكىتىشى كېرەك، ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا بېكىتىپ، سوت ئاچقاندا كەلمىسە شىكايەت قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دېلونى سوت قىلغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ شىكايەت تەلىپىنى مۇۋاپىق بولمىدى دەپ قارىسا، ياكى ئۇنى ئەيىبلىگۈچىنىڭ ئەيىبلەشنامىسىگە كىرگۈزۈلگەن دەپ قارىسا، شىكايەتنامىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. لېكىن بۇ ئەيىبلەشنامە سوت ئېچىشقا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ شىكايەتنامىسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى خەلق سوت مەھكىمىسى مەسئۇل بولۇپ تەكشۈرۈشى كېرەك، ئەگەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ شىكايەتنامىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىلتىماسى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسى بولماستىن، باشقىلارنىڭ ئارزۇسى ياكى تەھدىت سېلىشى بىلەن يېزىلغانلىقى سېزىلسە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ شىكايەتنامىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ دېلونى سوتلاۋېرىش كېرەك.

⑤نارازىلىق قىلىش ياكى ئېتىراز بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۆزى ئەرز قىلغان دېلولاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى سوت ھۆكۈمى ياكى كېسىمىگە قايىل بولمىسا بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز سۇنسا بولىدۇ. ئەيىبلەنگەن دېلولاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىرىنچى سوت ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئېتىراز بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئېتىراز بىلدۈرۈش ياكى بىلدۈرمەسلىكنى قارار قىلىشى ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك.

⑥زاڭ مال، زاڭ پۇل ئىچىدىن ئەدلىيىلىك قۇتقۇزۇش ئېلىش ھوقۇقى بولىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى مال ـ مۈلۈك ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، قولغا چۈشۈرۈلگەن ياكى يىغىۋېلىنغان زاڭ پۇل ۋە زاڭ مال ئىچىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ماددىي بۇيۇملارنى ئېلىشقا ياكى مۇناسىپ ھالدا ئەدلىيىلىك قۇتقۇزۇش ئېلىشقا ھوقۇقلۇق.

**(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىدىن)**

# ساپا مائارىپنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يېزا مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم

باھارگۈل ساۋۇت

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىگە جايلاشقان
گۆھەر زېمىن. بۇ گۆھەر زېمىننى ئېچىشنى، ئۇنىڭدىن
پايدىلىنىشنى ھەممە ئادەم ئويلايدۇ. مۇشۇ نۇقتىـىدىن
قارىغاندا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شىنجاڭدىن
ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىننىڭ قۇرغۇچىلىرى، شۇنداقلا
شىنجاڭنى ئېچىۋېتىش، شىنجاڭنى دۇنياغا يۈزلەندۈ-
رۈش، شىنجاڭنى قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار پىـ
لاننىڭ ئىشقا ئېشىشىدىكى ئۈمىد، شىنجاڭنى تەدرىجىي
ھالدا ئېلىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىساد بازىسىـنىڭ
بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش — تارىخ شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىگە يۈكلىگەن شەرەپلىك ۋەزىپە. بۇ شە-
رەپلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن مائا-
رىپقا تايىنىش، ئالدى بىلەن مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش،
مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئىختىساسلىق
خادىملارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان پەن - تېخنىكـ
نىڭ تەرەققىياتى بىزدىن ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسما-
نىي جەھەتتىن تولۇق يېتىلگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى
تەلەپ قىلماقتا. 21 - ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى
كۈندە، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، ئىقتىسادنىڭ را-
ۋاجلىنىشى بىلەن كىشىلەر يەنىلا ئوخشاش بولمىغان
ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بۇ
ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مۇھىت ئوخشاش بول-
مىغان بازىسلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. جۈملىدىن، ئىق-
تىسادىي بازىستىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ۋە مۇھىم ھالقا
ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا مۇئەييەن تە-
سىر كۆرسەتمەكتە. بولۇپمۇ مائارىپ تەرەققىياتىـغا،
مائارىپ ئىسلاھاتىغا تەتۈر تاناسىپلىق تەسىر كۆرسەت-
مەكتە.

دۆلەت «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»، «مائارىپ قا-
نۇنى»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» قاتارلىق بىر قاتار
قانۇنلارنى تۈزۈپ ۋە ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ سوتسى-
يالىستىك مائارىپى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك، ياخشى چارە-
تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ، سىياسەت بەلگىلەپ بەرگەن
بولسىمۇ، مائارىپ تېخى كىشىلەرنى تولۇق قانائەتلەن-
دۈرىدىغان دەرىجىگە يەتكىنى يوق. مائارىپ ئىسلاھاتىنى
ئۈزۈل - كېسىل، تولۇق ئېلىپ بېرىش مائارىپ تارماق-
لىرىنىڭلا ئىشى بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت-
تىكى ھەر بىر تارماق، ھەتتا ھەر بىر كىشىنىڭ ئورتاق
تىرىشىشىغا، ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا ئېھتىياجلىق
مۇھىم مەسىلە.

ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە
ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان، ساپاسى ياخشى ئىزباسار-
لارنى يېتىلدۈرۈش، تۆتتە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك
دۆلەت قۇرۇش كوممۇنىزم غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ
تۈپ كاپالىتى. گەرچە ئېلىمىز مائارىپ ئىشلىرىغا كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ بىر قاتار تەدبىر سىياسەتلەرنى قوللىنىپ،
مائارىپ ئىسلاھاتى بەلگىلىك تەرەققىياتلارغا يۈزلەنگەن
بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە يەنىلا قانائەتلىنەرلىك ئە-
مەس. بولۇپمۇ شەھەر مائارىپى بىلەن يېزا مائارىپىنىڭ
سانلىق پەرقى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قى-
لىدۇ. مەن بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى كۆز
قارىشىمنى قويۇپ ئۆتىمەن.

1) ئىجتىمائىي ئاساس. ئىگىلىك تېز سۈر-
ئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز گې-
زىت - ژۇرناللاردىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئەھۋالى خە-
ۋەر قىلىنغان ماقالىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. نامرات
ئائىلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغانلىق توغرى-
سىدىكى خەۋەرلەرمۇ ئاز ئەمەس، ۋاقىتلىق قىيىنچى-
لىقتىن قۇتۇلغانلىق مەڭگۈلۈك بېيىغانلىقنىڭ ئىپا-

دىسى ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى قىيىنچىلىقى ھەل بولدى. ئەتە قانداق قىلار؟ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوقۇش راسخودى ئۈچۈن تۆلىگۈدەك پۇلى بارمىدۇ؟ قايسى ھاتەم كېلىپ ئۇنىڭ ئەتىكى قىيىنچىلىقى ئۈچۈن «ئېچىل داستىخان» سېلىپ بېرەر؟ «ئاپتونوم رايونىمىز نامرات- لارنى يۆلەشتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئې- رىشتى» (شىنجاڭ گېزىتى 9 - ئىيۇن 1 - بەت) سىرلىق ۋىلىك خەۋەردە مۇتلەق نامراتلىق نىسبىتى 1995 - يىلى دىكى %16.9 تىن %6 كە تۆۋەنلىدى دېيىلگەن. لې- كىن، تاشيول ياسالمىغان جايلار، توك يوق، پوچتىكەش بارمايدىغان، ئىچىدىغان سۇ قىيىنچىلىقى ھەل بولمى- غان كەنتلەر ھازىرغىچە مەۋجۇت. مانا بۇلار بىزنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى يېزىلىرىمىز. 21 - ئە- سىرگە ئۇلار مۇشۇ ھالدا كىرىدۇ. لېكىن شەھەرلەردە كىشىگە ئاجايىپ زور شادلىق بېغىشلايدىغان ئارامگاھ- لار، رېستورانلار، بەزمىخانىلار تونۇشتۇرغان ئېلانلارنى ئاڭلاپ ھەم كۆرۈپ تۇرىمىز: «بۇلتۇر مەملىكىتىمىزدە كالا سۈتىنىڭ سېتىلىشى ئاق ھاراقنىڭ يەتمىدى» سىرلى- ۋىلىك ماقالىدىن («شىنجاڭ گېزىتى» 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 7 - بەت) شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئىستېمال پەرقىنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى يە- لىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆ- لۈشكە تېگىشلىك بولغان بىر مۇھىم مەسىلە.

2) تارىخىي خاراكتېرلىك ئاپەت — ساۋات- سىزلىق. «ئۇچار يېزىسىدا يوقىرى ئۆلچەمدە ساۋات- سىزلىقنى تۈگىتىش ئاساس قىلىنغان چوڭلار مائارىپى چىڭ تۇتۇلدى» («شىنجاڭ گېزىتى» 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 3 - بەت) بۇ بىزنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يا- شاۋاتقان دېھقانلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى. يەنە قاي- سى «ئۇچار» لاردا ئەنە شۇنداق كۇرسلار ئېچىلىدۇ؟ بۇنى پەرەز قىلىش قىيىن. ئەنە شۇنداق ساۋاتسىزلىق ئاپى- تىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك تار- ماقلار بەلگىلىك چارە - تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، بۇ پەقەت بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ ساۋاتسىزلىقىنىلا تۈگىتەلەيدۇ. ئۇلارنى خەت تونۇيالايدىغان، قىسقىسى ئۆز ئىسمىنى يازالايدىغان قىلالايدۇ، خالاس. بۇ ئۇلارنىڭ 21 - ئەسىر كۈتكەن، تەرەققىيات، ئىسلاھات كۈتكەن بىلىم سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. «ئەڭ ئاخىرقى كۆل» لەرنىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتقان بولسىمۇ، سۇ تورۇبىلىرى ئورنىتىشقا قوشۇلماي «ئەركەك سۇ» ئىچىشكە خۇشتار بولغان دېھقانلىرىمىز تېخى بار. ئۇ- لارنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا ھازىر ياشاۋاتقان تارىخىي شا- رائىتىمىزنى چۈشەندۈرۈش، ھازىرقى دەۋرنىڭ ئىلىم - پەن دەۋرى ئىكەنلىكىنى، بىز «كۆزى ئۇچۇق قارىغۇ» بولساقمۇ، بالىلىرىمىزنى چوقۇم ئوقۇتۇش كېرەكلى- كىنى بىلدۈرۈش زۆرۈر !

3) كۆز قاراشتىكى پەرق: «سەھرالىقلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى»، «ۋاي بۇ تومپايلارنىڭمۇ خېلى جېنى بار ئىكەن جۇمۇ؟»، «سىلەر تەرەپكە بېرىشقا ئا- مالسىز قالدۇق. شۇڭا ئوقۇتۇرۇش قىلالمىدۇق» بۇلار ئا- دەمنىڭ زىتىغا تېگىدىغان سۆزلەر. بۇ سۆزلەر شەھەر مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ھەتتا مائارىپ تارماقلىرىدىكى ئورگان خادىملىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. ئېنىقلىنىشكە بولىدۇكى، بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سۆزى. ئۇلار يېزىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشەنمەيدۇ. ھامان ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆزلىرىنىڭكىدىن تۆۋەن ھېسابلايدۇ. مائا- رىپ تارماقلىرىمۇ ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۇلارغا ۋاقتىدا ئوقتۇرۇش قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ باھانىسى: «يول يىراق، قاتناش قولايسىز ... شۇ مەكتەپتىن بىرەر ئادەم كەلمىدى. شۇڭا ئۇلارغا خەۋەر قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق ...» دەپ، ئۆزلىرىنى ئاقلىشىدۇ. ئەجەبا سېنىڭ خىزمىتىڭ شۇ ئىدىغۇ؟ سەن يالغۇز شەھەر مائارىپى ئۈ- چۈن خىزمەت قىلامسەن؟ سەن مېڭىشتىن قورققان شۇ جاپالىق يوللارنى شۇ يېزا مەكتەپلىرىدە ئىشلەۋاتقان ئو- قۇتقۇچىلار بېسىۋاتىدىغۇ؟ بۇ يالغۇز ئۇلارنىڭ قورساق بېقىش غېمى ئۈچۈنلىمۇ؟ شەھەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئو- قۇغۇچىلار بەھرىمەن بولغان ھەر خىل كەسپىي ئىمتى- يازلاردىن (بۇ يەردە ئىقتىسادىي ئىمتىيازنى ۋە مەنىۋى ئىمتىيازنى دېمەيلا قويايلى) ئۇلارنىڭمۇ بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار. ئۇلارمۇ ھەر خىل پائالىيەتلەرگە، ھەر خىل مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار يول جاپاسىدىن، ئاۋارىچىلىقتىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن. ئۇلاردا ئۆزى مەڭگۈ باشقىلارغا تىنمايدىغان ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كەسپچانلىق تۇيغۇسى بار. يېزا بالىلىرىمۇ ئەقىللىق.

ئۇلارمۇ ئۆگەتكەن نەرسىنى بىلەلەيدۇ. شۇ نەرسە ئېسىدە بولسۇنكى، «كۆزگە ئىلىنمىغان چوماق پۇتقا ئېلىشىپتۇ» دېگەن گەپ بار. شەھەر بالىلىرى يارىتالمىغان ئاجايىپ تۆھپىلەرنى دېھقان بالىسى يارىتالىشى مۇمكىن. سەن ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە، يۈز ـ كۆزلىرىدىن ئۆرلەپ تۇرغان تۇپىغا قاراپ ئۇلارنى ئۇنچىۋالا پەسلەشتۈرۈپ كەتمە. ئۇزاق يىللىق نامراتلىق، مەنىۋى گادايلىق ئۇلارنى ئاشۇنداق ئۈركۈگەن قۇشتەك ياۋايى قىلىپ قويغان. يەنىلا شۇ نامراتلىق ئۇلارنى كۆرۈمسىز قىلىپ قويغان. دەرستىن سىرتقى، تەتىل كۈنلىرىدىكى ئېغىر ئەمگەكلەر ئۇلارنىڭ يۇمران سۆڭەكلىرىنى ۋاقىتسىز قاتۇرۇپ قويغان. لېكىن ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ شەھەر بالىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش قان بىلەن گۆشتىن تۆرەلگەن.


4) مۇھىتتىكى پەرق. «پۇل بايغا ئاقىدۇ، سۇ سايغا». بۇ گەرچە ئۆتمۈشتە خەلق ئارىسىدا تارالغان ماقال بولسىمۇ، ئويلاپ باقساق ھازىرقى يېزا بىلەن شەھەر مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقلەرگە تازا باب كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار نامرات بولغاچقا ئۇلار بىر يىلنىڭ ئوقۇش پۇلىنى يەنە بىر يىلنىڭ بېشىغىچە تاپشۇرماي سۆرەيدۇ. مالىيە خادىمى سىنىپ مەسئۇلىنىڭ مائاشىنى تۇتىدۇ. سىنىپ مەسئۇللىرى جېنىدىن جاق تويۇشۇپ پۇل يىغقىلى ماڭىدۇ. ئۆيمۇئۆي قاتراپ يۈرۈپ ئاڭلاشقا بەكمۇ سىيلىق، تېگىگە يەتسىڭىز جېنىڭىزغا پاتىدىغان سېسىق گەپلەرنى ئاڭلاپ پەرىشان بولۇپ قايتىشىدۇ. ئىتقا تالانغانلارمۇ، ئۇنىڭدىن سېسىق تىل ھاقارەت ئاڭلىغانلارمۇ بار. ئۇلار جاپاغا چۈشلۇق راھەتكە ئېرىشەلمىگەننى ئاز دەپ نورغۇن رىيازەتلەرنى چېكىدۇ. بۇ پەرق قاچان تۈگەيدۇ؟

5) ئۈمىدسىزلىك. نامراتلىق ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ. نامراتلىق يىلتىزىدىن قىرقىپ تۈگىتىلمىگىچە كىشىلەرنى يۈرەكلىك ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندىگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز نامراتلىقنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرەلمەي شۇنچىلىك غەمكىنلىشىپ كەتكەن. بالىلىرى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنى ئوقۇتۇشقا ئامالسىز. ئۇلار ھەسرەتلىك كۈلكىسى بىلەن رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر. ئۇلار ئۈن سېلىپ كۆز يېشى قىلىپ يىغلىمايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ يۈرىكى يىغلايدۇ. ئۇلار ئىمتىھاندىن ئۆتۈپمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بالىلىرىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ يارامسىز ئاتا بولۇپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ يىغلايدۇ. ئۇلار دەرد ـ ھەسرىتىنى، ئاچچىقىنى بالىلىرىدىن ئالماقچى بولغاندەك ئۇلارغا دوق قىلىدۇ. تۆۋەن سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بالىلىرىنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بولسا شەھەردىكى مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ ئۆزىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش ئورنىغا كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئاقىۋەتتە كىمگە زىيان؟ مائارىپنىڭ ساپاسىغا !

ھازىر نورغۇن مەرىپەتپەرۋەر زاتلار، مىللەتسۆيەر مۇھاجىرلار ئۆزلىرى مىڭ بىر جاپادا تاپقان پۇللىرىنى مائارىپقا ئىئانە قىلماقتا. ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى سېتىۋېلىپ مەكتەپلەرگە ياردەم بەرمەكتە. خىلۋەت يېزىلارغا بېرىپ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان ئەسكى سىنىپلارنى يېڭىلاپ سېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئوقۇش شارائىتى بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىشىگە ياردەم بەرمەكتە. دۆلەت ئورگانلىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەر خىل يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ، مائارىپنى مالىيە جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، دۆلەت ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت زۆرۈر بولغان مەبلەغلەرنى سېلىشتا كاپالەتلىك قىلغاندىن سىرت، مائارىپ تەرەققىياتىدىكى ئىجتىمائىي ياردەمنى ئىلگىرى سۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە. لېكىن بۇ مائارىپنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش، ساپا مائارىپىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى ھازىرلاشقا كاپالەت بېرەلمەيدۇ، پۈتۈن جەمئىيەت تەڭ ئويغانغاندا، تەڭ قول سالغاندا، تەڭ كۆڭۈل بۆلگەندە ئاندىن بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ.

مائارىپنى چوقۇم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلار ۋە ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ چىقىش



فائىجىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، مائارىپنى سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتقا يۈزلەندۈرۈش، ساپا مائارىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىش ھەر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە تارماقلىرىنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى. چۈنكى جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى مائارىپتا. دۇنياغا يۈزلىنىشنىڭ ئاساسى مائارىپتا.

مىنگو دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق مائارىپچى، تاۋ شىڭجى مائارىپ ئىسلاھاتىدا ئالدى بىلەن يېزا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. يېزا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرماي تۇرۇپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقىغانىدى. بۇ ئاقىلانە تەشەببۇس ھازىرقى دەۋرىمىزگىمۇ ماس كېلىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىك دۆلىتى. مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ كۆپى جۇملىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 80% ى يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدۇر. بۇ سانلىق مەلۇماتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزىلاردىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەي، يېزا مائارىپىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرمەي تۇرۇپ ئومۇمىي مائارىپقا يۈزلىنىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شەھەر مائارىپى بىلەن يېزا مائارىپىنىڭ سۈپەت پەرقىنى تۈگىتىش نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ھەم جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان جىددىي مەسىلە.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، يېزا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرماي ئومۇمىي مائارىپنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شەھەر مائارىپى ھەر قانچە تەرەققىي قىلغان بىلەن يېزا مائارىپى تەرەققىي قىلمىسا، 80 % نى تەشكىل قىلغان يېزا خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مائارىپ تارماقلىرى «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، زور كۈچ بىلەن شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن يېزا مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى، ئەڭ مۇھىمى يېزا مائارىپىغا جان كۆيدۈرىدىغان، يېزا مائارىپىغا ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان بىر ئەۋلاد مۇنتىزىم ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلىشى لازىم. يەنە مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشى، جەمئىيەت، ئاما، ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپنىڭ قوللىشى بىلەن مەكتەپلەرنى يېڭىلاپ سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار دېھقانلارغا بولغان ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» نىڭ ئىزچىللىشىشىغا ياردەم بېرىشى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ تۇراقلىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

يىغىپ ئېيتقاندا، يېزا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى تارماقنىڭ مەجبۇرىيىتى. يېزا مائارىپىدا ساپا مائارىپىنى يولغا قويماي تۇرۇپ ئومۇمىي مائارىپنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نىشانىغا يەتكىلى بولمايدۇ.

# توختام قانۇنىنى چىقىرىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تەتبىقلىنىش دائىرىسى ھەققىدە

ۋاڭ شېڭمىڭ

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ توختام قانۇنى» 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى ، 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## 1. توختام قانۇنىنى چىقىرىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

يېڭى توختام قانۇنى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۈچ توختام قانۇنى بارىدى، بىرى 1981 ـ يىلى ئېلان قىلىنىپ، 1993 ـ يىلى تۈزىتىلگەن، ئاساسلىقى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي توختام ماجىرالىرىنى ھەل قىلىدىغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» ؛ ئىككىنچىسى ، 1985 ـ يىلى تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەتكە چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى چەت ئەللەرگە چېتىشلىق ئىقتىسادىي توختام ماجىرالىرى ھەل قىلىناتتى؛ ئۈچىنچىسى، 1987 ـ يىلى تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېخنىكا توختامى قانۇنى» بولۇپ، بۇ تېخنىكىنىڭمۇ تاۋار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە تۈزۈلگەنىدى. بۇ ئۈچ توختام قانۇنى جۇڭگونىڭ توختامغا ئائىت ھەممە قانۇنلىرىنى ئۆز ئىچىدە ئالغانمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. توختامنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ، جۇڭگونىڭ بەزى قانۇنلىرىدا توختام مەسىلىلىرى ئۈستىدىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىلغان. مەسىلەن ، 1986 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» دا «ھەق تەلەپ ھوقۇقى» دېگەن بىر باب بولۇپ، بۇ بابنىڭ بىر پاراگرافىدا «ھەقدارلىق ھوقۇقى» بەلگىلەنگەن ، ھەقدارلىق ھوقۇقى ھەققىدىكى بەلگىلىمە ئاساسلىقى توختام ھەققىدىكى بەلگىلىمىدۇر. 1984 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان، 1992 ـ يىلى تۈزىتىلگەن «پاتېنت قانۇنى» دا پاتېنت ھوقۇقىنى ئىجازەت بىلەن ئىشلىتىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغان، پاتېنت ھوقۇقىنى ئىجازەت بىلەن ئىشلىتىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش توختام مەسىلىسىگە ياتىدۇ

1982 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان، 1993 ـ يىلى تۈزىتىلگەن
«تاۋار ماركىسى قانۇنى» دا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ماركىنى
ئىجازەت بىلەن ئىشلىتىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىدە
بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ياللانما ئىشچى مەسىلىسى
ھەققىدە ئەمگەك قانۇنىنىڭ بىر بابىدا «ئەمگەك توختا-
مى» توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان، ۋەھاكازالار.
يېڭى توختام قانۇنى 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى-
دىن باشلاپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي
توختام قانۇنى، چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادىي توختام
قانۇنى ۋە تېخنىكا توختامى قانۇنى بىرلا ۋاقىتتا بىكار
قىلىنىدۇ، لېكىن توختامغا ئائىت باشقا قانۇنلار، مە-
سىلەن، دېڭىز سودىسى قانۇنى، ئەمگەك قانۇنى قاتار-
لىقلار يەنىلا كۈچكە ئىگە بولىۋېرىدۇ.

يېڭى توختام قانۇنى نېمە ئۈچۈن تۈزۈلدى؟
بىرىنچى، ئۈچ توختام قانۇنى خېلى بۇرۇن ئېلان قى-
لىنغان، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگودا ئاساسەن پىلانلىق ئى-
گىلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش ئەمدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. شۇڭا پى-
لانلىق باشقۇرۇش ھەققىدىكى مەزمۇنلار ھەددىدىن زىيادە
تەكىتلەنگەنىدى. 1993 ـ يىلى ئىقتىسادىي توختام قانۇ-
نىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندە، پىلانلىق باشقۇرۇش زى-
يادە تەكىتلەنگەن مەزمۇنلار چىقىرىۋېتىلدى، باشقا
مەزمۇنلارغا ئاساسەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلمىدى. بۇ ئۈچ
توختام قانۇنىنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى نىسبىي بالدۇرراق
بولدى دېگەندە، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي
تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، پىلانلىق ئىگى-
لىكتىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈۋاتقان ئىق-
تىسادىي تۈزۈلمە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ۋە مۇقىم
بولمىغان ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. ئىس-
لاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى تېز، چوڭقۇر راۋاجلان-
غانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدىكى ئۈچ توختام قانۇنىنىڭ يې-
تەرسىز جايلىرى ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئىقتىسادىي
سودىدا ۋە سوت ئەمەلىيىتىدە بەزى يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى
مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، بۇ ئۈچ توختام قانۇنىدا ئەي-
نى ۋاقىتتا، بۇ يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر ھەق-
قىدە بەلگىلىمە چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مە-
سىلەن، مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش، ئىجارىگە بېرىش،
ئېلىش مەسىلىسى جۇڭگودا تېخى 1981 ـ يىلى مەيدانغا
كەلدى، شۇ چاغدا جۇڭگو شەرق ئىجارىگە بېرىش، ئې-
لىش چەكلىك شىركىتى ۋە جۇڭگو ئىجارىگە بېرىش،
ئېلىش شىركىتى قۇرۇلۇپ، 1984 ـ يىلدىن كېيىن
كەڭ كۆلەمدە ئىش باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىقتىسادىي
توختام قانۇنى ۋە چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادىي توختام
قانۇنىدا مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش، ئىجارىگە بېرىش، ئې-
لىش مەسىلىسى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقىرىش مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا دۆلىتىمىزدە ئىقتىساد ۋە سودىدا
«تاشقى سودا ۋاكالىتەن بېجىرىش» ئۇسۇلى يولغا قو-
يۇلغانىدى. ۋاكالىتەن بېجىرىش مەسىلىسى ھەققىدە
1986 ـ يىلى ماقۇللانغان ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي
قائىدىسىدە بىۋاسىتە ۋاكالىتەن بېجىرىش، يەنى ۋاكا-
لىتەن بېجىرگۈچى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ نامىدا پائالىيەت
كېلىپ بېرىش، بۇ پائالىيەتنىڭ ئاقىۋىتىگە ھاۋالە قىل-
غۇچى مەسئۇل بولۇش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغان.
رېئال تۇرمۇشتا، تاشقى سودا تىجارەت ھوقۇقى قاتارلىق
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تاشقى سودا تىجارەت ھوقۇقى
بولمىغان كارخانىلار چەت ئەللەرگە مال ئېكسپورت قى-
لىش ياكى چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلىشتا، ئىم-
پورت ـ ئېكسپورت توختامىنى ئىمزالاشنى تاشقى سودا
ھوقۇقىغا ئىگە تاشقى سودا شىركەتلىرىگە ھاۋالە قى-
لىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كارخا-
نىسى بىلەن تاشقى سودا شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-
ناسىۋەت ھاۋالە مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، لېكىن تاشقى
سودا ھوقۇقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تاشقى سودا
شىركىتى توختامنى ھاۋالە قىلغۇچى يەنى ئىشلەپچىقى-
رىش كارخانىسىنىڭ نامىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ نا-
مىدىلا تۈزىتتى. ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدى-
سىدە ۋە چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادىي توختام قانۇنىدا
بۇنداق ھاۋالە يەنى ۋاسىتىلىك ھاۋالە مەسىلىسى ئۈس-
تىدە بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. بۇنىڭدىن كېيىن
تاشقى سودىغا ئائىت تىجارەت ھوقۇقى پۈتۈنلەي قويۇۋې-
تىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىش تەقسىماتى بويىچە
ھەمكارلىشىش، كەسىپ ئەۋزەللىكى مەسىلىسى بول-
غاچقا، تاشقى سودا ۋاكالىتەن بېجىرىش مەسىلىسى يە-
نىلا مەۋجۇت بولىدۇ. جۇڭگو ئۆي ـ مۈلۈك ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىر مۇنچە ئۆي ـ مۈلۈك ۋا-
سىتىچى سودىگەرلىرى مەيدانغا كەلدى. پۇقرالار ئۈچۈن

ئېيتقاندا ئۆي سېتىۋېلىش ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش، ھەممە پۇقرانىڭ ئۆي ـ مۈلۈك كەسپى جەھەتتىكى ساۋاتلارغا ئىگە بولۇشى ناتايىن، شۇڭا ئۇلار ئۆي ـ مۈلۈك ۋاستىچى سودىگەرلىرى تەرەققىيات سودىگەرلىرىدىن مەسلىھەت سوراشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشىگە ياردەملىشىشىگە مۇھتاج بولىدۇ. جۇڭگو ئۆي ـ مۈلۈك ۋاستىچىلىك كەسپى ئاساسلىقى 1990 ـ يىلدىن كېيىن تەرەققىي قىلدى. شۇڭا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن كېلىپ چىققان بىر مۇنچە يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە يېڭى بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىشقا توغرا كەلدى.

ئىككىنچى، نۆۋەتتە، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي تەرتىپ بىر قەدەر قالايمىقان، ئىقتىسادىي ئىناۋەت بىر قەدەر تۆۋەن بولىۋاتىدۇ. شىياڭگاڭلىق بىر ئالىم توختام قانۇنىنى سودا ئويۇنى قائىدىسىگە ئوخشاتقان، بۇنىڭ داۋلىيىسى بار. ئۇنى ياخشى ئىگىلىيەلمىگەنلەر ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدۇ؛ ياخشى ئىگىلىيەلىگەنلەر، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ياخشى قوغدىيالايدۇ. شۇڭا، توختامدىكى ئالدامچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈن، بەزى يېڭى بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىش زۆرۈر.

ئۈچىنچى، ئۈچ توختام قانۇنىنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى بۇرۇن، تەييارلىغان ئورۇنمۇ بىر بولمىغاچقا، بەزى بەلگىلىمىلەر پرىنسىپالراق بولۇپ قالغان. مەسىلەن، توختامنى قانداق تۈزۈشكە كەلسەك، ئۈچ توختام قانۇنىدىكى بەلگىلىمە ئاساسەن بىردەك، يەنى ئالاقىدارلار توختامنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى جەھەتتە كېلىشىپ بىرلىككە كەلسە، توختام پۈتكەن بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمە توغرا بولغان بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت بولمىغان. بىر كارخانا پولات ماتېرىيالى ساتماقچى بولۇپ، يەنە بىر كارخانىغا ئالاقە ئەۋەتكەن، ئالاقىگە ئالاقىدار مالنىڭ سانى، سۈپىتى، باھاسى قاتارلىق توختامنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرى تولۇق يېزىلغان، ئالاقىنى تاپشۇرۇۋالغان تەرەپمۇ مۇشۇ ئاساسلىق شەرتلەرگە قوشۇلغان، ئەمما، ئەگەر ماجىرا كۆرۈلسە ئالاقىنى تاپشۇرۇۋالغان تەرەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى كېسىم ئورگىنى ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى ھەل قىلسا بولامدۇ ـ يوق، يەنى ئىككى تەرەپ ماجىرانى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇن جەھەتتە كېلىشىپ بىرلىككە كېلەلمىسە، بۇنداق چاغدىكى توختام ئىمزالانغان بولامدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەگەر بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە خەت ئارقىلىق ئالاقە ئەۋەتىپ ئون كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، قارشى تەرەپ ئالاقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئالاقىنىڭ مەزمۇنىغا قوشۇلغان ھەمدە يەتتە كۈن ئىچىدە جاۋاب بەرگەن، ئەمما پوچتا كارخانىسىنىڭ كېچىكتۈرۈشى بىلەن، خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىغا بىر ئايدىن كېيىن تەككەن بولسا، بۇ چاغدا توختام ئىمزالانغان بولامدۇ ـ يوق؟ توختام تۈزۈش ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلە. يېڭى توختام قانۇنىدا توختام تۈزۈشكە ئائىت ئالاقە، ۋەدە ھەققىدە جەمئىي 20 نەچچە ماددا بەلگىلىمە چىقىرىلدى، ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا مال سېتىش توختام ئەھدىنامىسى ۋە خەلقئارا سودا توختامى ئومۇمىي پرىنسىپىدىكى بەلگىلىمىلەر بىلەن ئاساسەن بىردەك، بۇ بەلگىلىمىلەر توختام تۈزۈش جەريانىدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ، لېكىن ئۇنى ئۈچ توختام قانۇنىدىكى توختام تۈزۈشكە ئائىت ماددىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كونكرېت، مۇكەممەل بولۇپ، ئۇنىڭدا توختام تۈزۈش قائىدىسى ئاساسىي جەھەتتىن بېكىتىلگەن.

## 2. توختام قانۇنىنى تۈزۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

توختام قانۇنىنى تۈزۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى نېمە؟ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى گۇ ئاڭرەن 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا توختام قانۇنىنىڭ لايىھىسى ھەققىدە بەرگەن ئىزاھاتىدا مۇنداق كۆرسەتتى: «بىرلىككە كەلگەن، مۇكەممەلرەك بولغان توختام قانۇنى تۈزۈپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، توختام

قانۇننى تۈزۈشتە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلدۇق، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇردۇق ھەمدە چەت ئەللەرنىڭ بەزى پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى ئۈلگە قىلدۇق. قانۇننىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي توختام قانۇنى، چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادىي توختام قانۇنى ۋە تېخنىكا توختامى قانۇنىنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ تولۇقلىدۇق ۋە مۇكەممەللەشتۈردۇق. قوللىنىشچانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇن يىلدىن بۇيانقى توختامغا ئائىت مەمۇرىي نىزاملار ۋە ئەدلىيە جەھەتتىكى ئۈنۈملۈك بەلگىلىمىلەرنى ئىمكانقەدەر قوبۇل قىلدۇق، كۆپىيىشكە تېگىشلىك بولغانلىرىغا ئىمكانقەدەر كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردۇق».

يولداش گۇ ئاڭرېننىڭ بۇ سۆزىدىكى «بىرلىككە كەلگەن» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ يەردىكى «بىرلىككە كەلگەن» دېگەن سۆز ئۈچ توختام قانۇنىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان، جۇڭگونىڭ ھازىرقى پۈتكۈل توختام قانۇنى سىستېمىسىغا قارىتىلغان ئەمەس. بىرلىككە كەلگەن توختام قانۇنى تۈزۈش دېگەندە يېڭى توختام قانۇنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئۈچ توختام قانۇنىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىكار قىلىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. توختام قانۇنىنىڭ 428 - ماددىسىدا بۇ ھەقتە بەلگىلىمە چىقىرىلدى. «مۇكەممەلرەك» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مۇكەممەلرەك بولغان توختام قانۇنى تۈزۈش ئۈچۈن، مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى ئىشنى ئورۇنداش كېرەك. بىرىنچى، ئۈچ توختام قانۇنى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئىقتىساد، سودا ۋە ئەدلىيە، سوت ئەمەلىيىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ھەققىدە شارائىت پىشىپ يېتىلسىلا مۇناسىپ ھالدا يېڭى بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك. ئىككىنچى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئۈنۈملۈك مەمۇرىي نىزاملار ۋە ئەدلىيە چۈشەندۈرۈشى توختام قانۇنىدا قوبۇل قىلىنىپ، قانۇن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئۈچىنچى، توختام قانۇنى سودا قائىدىسى ھېسابلىنىدۇ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ۋە جۇڭگونىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچىدىكى سودا ۋە چەتكە چېتىشلىق سودىدا پەرق بارغانسېرى كىچىكلىدى. توختام قانۇنىنى تۈزۈشتە، خەلقئارانىڭ ئالاقىدار ئەھدىنامىلىرى ۋە خەلقئارا سودا قائىدىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، توختام قانۇنىنىڭ پرىنسىپى، كونكرېت تۈزۈملىرى ھەتتا، كونكرېت بەلگىلىمىلىرىنى خەلقئارادا ئېقىۋاتقان ئۇسۇل بىلەن بىردەك قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، جۇڭگونىڭ ئىشىكنى يەنىمۇ ئېچىۋېتىشىگە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ.

### 3. توختام قانۇنىنىڭ تەڭشىلىش دائىرىسى

توختام قانۇنىنىڭ 2 - ماددىسىدا: «بۇ قانۇندا دېيىلگەن توختام باراۋەر سۇبيېكت بولغان تەبىئىي ئادەم، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ھەق تەلەپ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى جەھەتتە تۈزۈلىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان ۋە بىكار قىلىنىدىغان كېلىشىمنى كۆرسىتىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىنى 1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى گېزىتتە تولۇق ئېلان قىلىنغان توختام قانۇنىنىڭ لايىھىسىدىكى بەلگىلىمە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئىككى يېرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن. بىرى «پۇقرا» دېگەن سۆز «تەبىئىي ئادەم» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، توختام قانۇنىنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە پىكىر ئېلىش داۋامىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بەزى ئەزالىرى ۋە بەزى مۇتەخەسسىسلەر توختام قانۇنى مەملىكەت ئىچىدىكى توختام مۇناسىۋىتىدىمۇ، چەتكە چېتىلىدىغان توختام مۇناسىۋىتىدىمۇ تەتبىقلىنىدۇ، شۇڭا چەت ئەللىكلەرنى توختام قانۇنىدا سۇبيېكت قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «پۇقرا» دېگەن سۆزنى «تەبىئىي ئادەم» دەپ ئۆزگەرتىشنى تەكلىپ قىلدى. «تەبىئىي ئادەم» دېگەن سۆز جۇڭگو پۇقراسىنىمۇ، چەت ئەللىكنىمۇ، دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغان كىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچىسى، «ھەقدارلىق، قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى» دېگەن سۆز «ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى» دەپ تۈزىتىلدى. توختام قانۇنىنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى قانداق بولىدۇ؟ توختامنى ھەق-

دارلىق، قەرزدارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، ئۆزگەرتىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى كېلىشىم دېيىشكە بولامدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىسىدە پىكىر ئىزچىل بىردەك بولماي كەلدى. 1999 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چاقىرىلغان 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 ـ يىغىنىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن كومىتېتى «ھەقدارلىق، قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى» دېگەن سۆزنى «ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى» دەپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. بۇ تۈزىتىش ماھىيەتلىك تۈزىتىش ھېسابلانمايدۇ. توختام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەردە توختامنى ھەقدارلىق، قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى كېلىشىم دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن توختام قانۇنىنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى بىر قەدەر تار، ئۇنى ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى دەپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، تەتبىقلىنىش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ، دېگەن مەنىمۇ چىقمايدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتى ھەقدارلىق، قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى دېگەن سۆزنىڭ ئاسانلا باشقىچە چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى دەپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن.

توختام قانۇنىنىڭ 2 ـ ماددىسىدا توختام قانۇنىنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ نېمىلىكى بەلگىلەنگەن. بىرىنچى، توختام قانۇنى باراۋەر سۇبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى ھەق تەلەپ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قانۇن بويىچە قوغداش جەھەتتىكى باشقۇرۇش پائالىيىتى ھەق تەلەپ مۇناسىۋىتىگە ئەمەس، بەلكى مەمۇرىي باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىگە ياتىدۇ. بۇنىڭغا توختام قانۇنى تەتبىقلانماستىن، مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن تەتبىقلىنىدۇ؛ قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىگىمۇ توختام قانۇنى تەتبىقلانماستىن، شىركەت ۋە كارخانىغا ئائىت قانۇنلار تەتبىقلىنىدۇ. ئىككىنچى، توختام قانۇنى قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، سودا توختامى مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەبىئىي ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سودا، ئىجارىگە بېرىش، ئىجارىگە ئېلىش، قەرز پۇل ئېلىش، ھەدىيە قىلىش قاتارلىق توختام مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ تەتبىقلىنىدۇ. نىكاھ، بېقىۋېلىش، ھامىي بولۇشقا ئوخشاش سالاھىيەتكە ئائىت مۇناسىۋەتلەرگە توختام قانۇنى تەتبىقلانمايدۇ.

رېئال تۇرمۇشتىكى بىر قانچە تۈرلۈك توختامدا توختام قانۇنىنى تەتبىقلاشقا بولامدۇ ـ يوق؟ بىر خىلى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى ۋە يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىك توختامى. بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىش توختام قانۇنىنى تەتبىقلاش ئۈستىدە بولماستىن، ئاساسلىقى يۇقىرىدا ئېيتىلغان توختاملار ھەققىدە مەخسۇس بابتا بەلگىلىمە چىقىرىش ـ چىقارماسلىق ئۈستىدە بولغان. بىر خىل پىكىردىكىلەر توختام قانۇنىدا يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى ۋە يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىك توختامى ئۈستىدە مەخسۇس بابتا بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك. بۇنداق توختامنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، بۇ جەھەتتە ماجىرامۇ كۆپرەك يۈز بېرىدۇ، دەپ قارىدى. بەزى دۆلەتلەر يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى مەسىلىسى ھەققىدە ئومۇمەن ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى قىسمىدا بەلگىلىمە چىقىرىپ، يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى قىسمىغا كىرگۈزگەن. مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ بارلىققا كېلىشى، مەزمۇنى ۋە قوغدىلىشى ھەقدارلىق ھوقۇقىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. مۈلۈك ھوقۇقى چارىسىنى قوللىنىش، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قوغداشقا، يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا، يەردىن ئېچىپ پايدىلىنىشقا تېخىمۇ پايدىلىق. مەسىلەن، مەلۇم بىر شىركەت يەر باشقۇرۇش تارمىقى بىلەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش توختامى تۈزگەندە، يەنە بىر قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۈسكۈنە ۋە خادىملىرىنى سېتىلغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ. توختام مۇناسىۋىتى بويىچە، بۇ شىركەت قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن ئۈسكۈنە ۋە خادىملىرىنى يۆتكەپ كېتىشنى تەلەپ قىلسا بولامدۇ؟ ھەقدارلىق ھوقۇقى قائىدىسى بويىچە، بۇ شىركەت قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن كۆچۈشنى بىۋاسىتە تەلەپ قىلسا بولمايدۇ. ھەقدارلىق ھوقۇقى بىر خىل

تەلەپ قىلىش هوقۇقى ھېسابلىنىدۇ، يەر ئىشلىتىش هوقۇقى ئەگەر ھەقدارلىق هوقۇقى دېيىلسە، بۇ شىركەت شۇ يەرنى ئىشلىتىش هوقۇقىنى ئۆزىگە ئېلىپ بېرىشنى يەر باشقۇرۇش تارمىقىدىنلا تەلەپ قىلالايدۇ، ئۈچىنچى تەرەپ بىلەن توختام مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، تەلەپ قىلىش هوقۇقىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. لېكىن يەر ئىشلىتىش هوقۇقى مۈلۈك هوقۇقى ھېسابلانسا، بۇنىڭدا ئىش باشقىچە بولىدۇ. مۈلۈك هوقۇقى مۈلۈكنى بىۋاسىتە ئىگىلەش، ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش هوقۇقى جۈملىدىن بىر تەرەپ قىلىش هوقۇقىدۇر. شۇڭا، يەر ئىشلىتىش هوقۇقى مۈلۈك هوقۇقى ھېسابلانسا، بۇ شىركەت قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشقا هوقۇقلۇق، ئەگەر كۆچمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. هازىر مەملىكىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۈلۈك هوقۇقى قانۇنىنى تۈزۈۋاتىدۇ. يەر ئىشلىتىش هوقۇقى مۈلۈك هوقۇقىغا ئائىت قانۇنلار ئارقىلىق تەڭشەلسە، توختام قانۇنىنىڭ يەر ئىشلىتىش هوقۇقىنى قوغداش جەھەتتە رولى بولامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن، يەر ئىشلىتىش هوقۇقىغا ئېرىشكەندە توختام تۈزۈلۈشى كېرەك، توختام مۈلۈك هوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى ھېسابلىنىدۇ. يەر ئىشلىتىش هوقۇقى كىم ئارتۇق سودىسى، خېرىدار چاقىرىش، كېڭىشىش چارىسى ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، كىم ئارتۇق سودىسى، خېرىدار چاقىرىش ۋە كېڭىشىش توختام ھېسابلىنىدۇ. توختام تۈزگەندە توختام قانۇنىنى تەتبىقلاش لازىم. توختام تۈزۈلگەندىن كېيىن شۇ بويىچە ئىش قىلىش، توختامنى ئىجرا قىلىشتىمۇ توختام قانۇنىنى تەتبىقلاش كېرەك. توختامنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن ماجىرا كۆرۈلگەن، تېخى مۈلۈك هوقۇقىغا ئىگە بولمىغان بولسا، بۇنىمۇ توختام قانۇنىنى تەتبىقلاپ قوغداش كېرەك. دېمەك، توختام قانۇنى يەر ئىشلىتىش هوقۇقىنى سېتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى ۋە يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىك توختامىدا تەتبىقلىنىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدا توختام قانۇنى ئارقىلىق قوغداشلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە مەخسۇس قانۇن چىقىرىپ، يەر ئىشلىتىش هوقۇقىنى ئۈنۈملۈك ۋە ھەقىقىي قوغداش كېرەك.


كارخانىنى ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، ئېلىش توختامى مەسىلىسى. مەملىكەت ئىچىدىكى بىر مۇنچە ئوتتۇرا ۋە كىچىك كارخانىلار ھۆددىگەرلىك توختامى ۋە ئىجارىگە ئېلىش، بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقۇرۇلغان. ھۆددىگە ئالغۇچى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارمىقى ۋە كارخانا بىلەن ھۆددىگەرلىك توختامى، ئىجارىگە بېرىش، ئېلىش توختامى تۈزسە، توختام قانۇنى تەتبىقلىنامدۇ-يوق؟ بۇنىڭدا توختام قانۇنىنى تەتبىقلاش كېرەك. كارخانىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختامى، ئىجارىگە بېرىش، ئېلىش توختامى كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش هوقۇقىغا چېتىلىدۇ، ئەمما مۈلۈك هوقۇقىغا كىرمەيدۇ. هازىر دۆلىتىمىزدە كارخانىلارنى ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، ئېلىش جەھەتتە، جايلارنىڭ ئۇسۇلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئەھۋالمۇ خېلى مۇرەككەپ. كارخانىلاردىكى ھۆددىگەرلىك، ئىجارىگە بېرىش، ئېلىش توختاملىرىدا، ئالدى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى تەتبىقلاش كېرەك. مەسىلەن، 1988-يىلى گوۋۇيۈەن تۈزگەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنى ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش نىزامىنى تەتبىقلاشقىمۇ، توختام قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىدىكى بەلگىلىمىلەرنى تەتبىقلاشقىمۇ بولىدۇ. توختام قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىدا 129 ماددا بولۇپ، توختامنىڭ بارلىققا كېلىشى، كۈچكە ئىگە بولۇشى، ئىجرا قىلىنىشى، ئۆزگەرتىلىشى ۋە توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە خېلى تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش مەسىلىسى. ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىشتا توختام قانۇنى تەتبىقلىنامدۇ؟ ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىشتا، دۆلىتىمىز بىر تەرەققىيات، ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. ئومۇمىي ئەھۋال مۇنداق: 1985-يىلدىن بۇرۇن، ئاشلىق ۋە پاختا ئاساسەن مەمۇرىي باشقۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە سېتىۋېلىنغانىدى. 1985-يىلدىن كېيىن، ئاشلىق سېتىۋېلىش توختامى، پاختا سېتىۋېلىش توختامى دېگەن ئاتالغۇ بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە يەنىلا مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋاسىتىسى قوللىنىل-

دى. 1993 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاشلىقنى قويۇۋېتىپ ئاشلىقنى سېتىۋېلىش، سېتىش مەسىلىسىنى بازار ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولۇۋېدۇق، لېكىن بۇمۇ ئاقمىدى. 1993 ـ يىلدىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش توختامى دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلماي، ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ۋەزىپىسى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭمۇ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش، سېتىش قويۇۋېتىلسە، ئۇ ھالدا، ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش، سېتىشتا جەزمەن توختام قانۇنى تەتبىقلىنىدۇ.

بۇيرۇق خاراكتېرلىك ۋەزىپە يولغا قويۇلغان ياكى دۆلەت ۋەزىپە چۈشۈرگەن زاۋۇت، كانلارنىڭ مەھسۇلاتى مەسىلىسى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك ۋەزىپە يولغا قويۇلغان ياكى دۆلەت ۋەزىپە چۈشۈرگەن زاۋۇت، كانلارنىڭ مەھسۇلات دائىرىسى ۋە مەھسۇلات تۈرى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگودا ئاساسەن، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان بولۇپ، 300 نەچچە تۈرلۈك مەھسۇلاتقا پىلان ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلەتتى، 1998 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئاران بىر قانچىسىلا قالدى. پىلان ۋەزىپەنامىسىدا، سودا ئوبيېكتى كۆرسىتىلىپ، باھاسى بەلگىلەپ قويۇلاتتى. پىلان ۋەزىپەنامىسى مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋاستىسىگە ياتىدىغان بولۇپ، ئۇ توختام قانۇنىنىڭ تەڭشەش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئەمما، A، B زاۋۇت ئوتتۇرىسىدىكى پىلان ۋەزىپەنامىسىگە ئاساسەن، مەھسۇلات سۈپىتى، مال تاپشۇرۇش سۈرۈكى قاتارلىقلار جەھەتتە ھاسىل قىلىنغان كېلىشىم توختام قانۇنىنىڭ تەڭشەش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

يېڭى توختام قانۇنىنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى ئەسلىدىكى ئۈچ توختام قانۇنىنىڭكىدىن كەڭ بولدى، ئۇنىڭ قانداق يېرى كېڭەيتىلدى؟ ئىقتىسادي توختام قانۇنى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىقتىسادي توختام قانۇنى جۇڭگودىكى قانۇني ئىگىلەر، باشقا ئىقتىسادي تەشكىلاتلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر، يېزىلاردىكى يەرنى ھۆددىگە ئالغان، بەرگەن ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توختام مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ، پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى سودا، ھەدىيە، پۇل قەرز ئېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى تەڭشىمەيدۇ، پۇقرالار بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى سودا، ھەدىيە قاتارلىق توختام مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ تەڭشىمەيدۇ. توختام قانۇنى بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەتبىقلىنىدۇ. چەتكە چېتىلىدىغان ئىقتىسادي توختام قانۇنى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، چەتكە چېتىلىدىغان ئىقتىسادي توختام قانۇنى جۇڭگو كارخانىلىرى ۋە باشقا ئىقتىسادي تەشكىلاتلارنىڭ چەتكە چېتىلىدىغان ئىقتىسادي توختام مۇناسىۋىتىنى تەڭشىمەيدۇ، جۇڭگو پۇقرالىرى بىلەن چەت ئەللىكلەر، چەت ئەل كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، سودا مۇناسىۋىتىنى تەڭشىمەيدۇ. تېخنىكا توختامى قانۇنىغا سېلىشتۇرغاندا، تېخنىكا توختامى قانۇنى مەملىكەت ئىچىدىكى تېخنىكا توختام مۇناسىۋىتىدىلا تەتبىقلىنىدۇ، چەتكە چېتىلىدىغان تېخنىكا توختام مۇناسىۋىتىدە تەتبىقلانمايدۇ. تېخنىكا ئېكسپورت، ئىمپورت قىلىش توختامى ھەققىدە قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان؛ تېخنىكا ئېكسپورت، ئىمپورت قىلىش توختامىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە 1985 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تېخنىكا ئىمپورت قىلىش توختامىنى باشقۇرۇش نىزامىنى ئېلان قىلغانىدى. يېڭى توختام قانۇنى مەملىكەت ئىچىدىكى تېخنىكا توختامى، چەتكە چېتىلىدىغان تېخنىكا توختامى ياكى تېخنىكا ئىمپورت قىلىش توختامىنىڭ ھەممىسىگە تەتبىقلىنىدۇ.




**(خەلق قۇرۇلتىيى خەۋەرلىرى ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 8 ـ سانىدىن)**

**ئەمەت توختى تەرجىمىسى**

# كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دىنىي زات

— قەشقەرۋىلايىتى بويىچە «ياخشى ئىش قىلىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس» ئابابەكرى قارىم توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم ئۆمەر



قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، تازغۇن يېزىلىق جامەنىڭ ئىمام خاتىپى ئابابەكرى قارى ھاجىم 1963 - يىلىدىن 1988 - يىلغىچە نىلقا ناھىيىسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن مەزگىللەردە، نىلقا ناھىيە شەھەر ئىچى چوڭ جامەنىڭ ئىمام خاتىپى بولغان. پارتىيىنىڭ تۇرلۇك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتلەردە تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكتىن نىلقا ناھىيىلىك، ئىلى ئوبلاستلىق، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. كۆپ قېتىم نىلقا ناھىيىلىك، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»، «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ خەلقنى سۆيۈش ئۈلگىسى»، «بەشتە ياخشى» دىنىي زات بولۇپ باھالىنىپ شان - شەرەپكە ئېرىشكەن.

ئابابەكرى قارى ھاجىم 1998 - يىلى ئۆز يۇرتى تازغۇن يېزىسىنىڭ دۆڭقىشلا 12 - كەنتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتىدىن ئىگىلىك تىكلەپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلىسىنى بېيىتىپلا قالماي بەلكى نامراتلارغا ساخاۋەتلىك قولىنى سۇنۇپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا، تەشكىلنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئابابەكرى قارى ھاجىم 1998 - يىلدىن باشلاپ قوي - كالا باقمىچىلىقى كەسپىنى يولغا قويۇپ روناق تاپقاندىن كېيىن ماي زاۋۇتى سېتىۋېلىپ، تازغۇن بازىرىدا مايلىقدان پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى يولغا قويۇپ، ئۆز ئائىلىسىدە بېقىلىۋاتقان قوي - كالىنىڭ يەم - خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرگە، با-

(داۋامى (20 - بەتتە)


ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان ، بو-
لۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى جەمئىيەتنىڭ
تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئائىلە
ئىستېمال قارىشىدىمۇ خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا
كەلدى. ئىلگىرىكى ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، رەڭسىز تې-
لېۋىزور ، شامالدۇرغۇچ ، فوتو ئاپپارات ... قاتارلىقلار-
نىڭ ئورنىنى هازىر VCD ، DVD ، يىراقتىن كونترول
قىلىنىدىغان چوڭ ئېكرانلىق رەڭلىك تېلېۋىزور ، هاۋا
تەڭشىگۈچ، تېلېكامېرا، كومپيۇتېر، چاقىرغۇلار ئې-
گىلەپ، كىشىلەرگە تېخىمۇ قولايلىق شارائىتلارنى يا-
رىتىپ بەردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، هەرقايسى شەهەر ،
تولدۇرۇۋېتىپتۇ. قارىماققا بۇ ئادىي ئىشتەك كۆرۈنسى-
مۇ، لېكىن ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، بىر
VCD پىلاستىنكىسىنى ئەرزان باهالىق سىنئالغۇ لىن-
تىسىغا قايتا كۆچۈرۈپ، ئۇنى 20 ، 30 يۈەندىن سېتىش
قىلمىشى ماهىيەتتە بىر تەرەپتىن نەشرىيات ئورۇنلى-
رىنىڭ سودا ئوبوروتىنىڭ نورماللىقىغا ئېغىر تەسىر
يەتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈن - سىن نەشرىياتى ۋە
نەشرىيات سودىگەرلىرى نورغۇن ۋاقىت ، ئادەم كۈچى ۋە
مالىيە كۈچى سەرپ قىلىش بەدىلىگە تەييارلىغان ، قا-
نۇنلۇق نەشر قىلىغان لېنتا ۋە پىلاستىنكىلارنىڭ نەشر
هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدۇ ، بۇ ئالاقىدار قا-

# «سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا چاققان ئېزىز» بولۇپ قالمىسۇن

ئادىل مەتنىياز

ناهىيىلەرنىڭ قايناق بازارلىرىدا ئۈن - سىن لېنتىلى-
رىنى ماتىدىغان ماگىزىنلار ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىپ،
تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى لېنتا ۋە پىلاستىنكىلارنى كى-
شىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسەن تاللاپ سېتى-
ۋالايدىغان بولدى. ئەپسۇسكى، يېقىندا مەن بازار ئاي-
لىنىپ كېتىۋېتىپ، ئايرىم ساندىكى بەزى ئۈن - سىن
لېنتىلىرىنى سېتىش - ئىجارىگە بېرىش ماگىزىن خو-
جايىنلىرىنىڭ سودا جەريانىدا ساختىپەزلىك قىلىۋات-
قانلىقىنى چېلىقتۇردۇم. ئۇلار هەر قايسى ئۈن - سىن
نەشرىياتلىرى نەشر قىلغان قاپلىق ئۈن - سىن لېن-
تىلىرىنى ۋە VCD پىلاستىنكىلىرىنى ئەرزان باهادىكى
ئۆلچەمگە توشمايدىغان لېنتىلارغا ئۆزلىرى قايتىدىن
كۆچۈرۈپ ، «راست مال» قىلىپ كۆرسىتىپ، ئىستې-
مالچىلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئارقىلىق هەم ئىستېمال-
چىلارنى، هەم نەشرىيات ئورۇنلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش
بەدىلىگە ئۆزلىرى كۆپلەپ پايدا ئېلىپ، چۆنتىكىنى
نۇن - نىزاملارغىمۇ خىلاپ ، شۇنداقلا ئىستېمالچىلار،
نەشرىيات ئورۇنلىرى، نەشرىيات سودىگەرلىرىنىڭ مەن-
پەئىتىگە بىۋاستە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بۇ خىل قا-
نۇنغا خىلاپ قىلمىشلار مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇ-
رۇشقا مەسئۇل ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يۇكسەك دىققەت -
ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك.

**(ئىلىتور قاقشلىق ناهىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىن)**



# تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكىلەر ئاممىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، نۇقتىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خىزمەتنى يۈكسەلدۈردى

كېرەم ئەزىز

تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكىلەر ئاممىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، مۇھىم نۇقتىنى ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ - چوڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈردى.

تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شەھەرنىڭ ھازىرقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ۋە ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ، پىلانلىق، نۇقتىلىق ھالدا شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىگە بولغان قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتتى. ئارخىپ باشقۇرۇش، مالىيە باشقۇرۇش، تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئائىت تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خ ق خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «يېزا ئىگىلىك قانۇنى»، «مۇھىت ئاسراش قانۇنى»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»، «پىلانلىق تۇغۇت نىزامى»، «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ زەھەر چەكلەش توغرىسىدىكى قارارى»، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»، «يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «كارخانا قانۇنى»، «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى»، «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش - جازالاش نىزامى»، «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى قارارى»، «ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش نىزامى» قاتارلىق 29 قانۇن، قائىدە - نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى. جۈملىدىن، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا دائىرىسى كەڭ، سالمىقى زور بولغان قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى.

«مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا سوئال قويۇپ، شەھەر باشلىقىنى دوكلاتتىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشقا بۇيرۇدى. شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، شەھەرلىك ھۆكۈمەت كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېرىلمەي قالغان ئىش ھەققىنى تېزلىكتە تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا مائارىپ راسخوتىنى يېزىلىق، بازارلىق ھۆكۈمەتلەر باشقۇرۇشنى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مەجبۇرىي مائارىپ ۋە ئاساس مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى. شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا، يېزا ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتەك ئاساسىي فاڭجېنغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نىڭ ئىزچىللىشىشىغا قارىتا قانۇنىي نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان سېلىنما، دېھقانچىلىق مادىي ئەشيالىرىنىڭ باھاسى، دېھقانلارنىڭ سېلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۇزاققىچە بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتتى.

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، شەھەرنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلەتتى. تۇرپان شەھىرى قۇرغاق رايون بولۇپ، سۇ مەنبەسىنىڭ كەمچىل بولۇشى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بىۋاسىتە چۈشەپ تۇرىدۇ. كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىپ كارىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش، كارىز بىلەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق ئوتتۇرىسىدىكى سۇ تالىشىش ماجىراسى ۋە كارىز باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش مەسىلىلىرىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، شەھەرلىك ھۆكۈمەت «تۇرپان شەھىرىنىڭ كارىز باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى (لايىھە)» نى تۈزۈپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىغا يوللىدى. شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بىر قىسىم ئەزالار ۋە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى» غا ئاساسەن «لايىھە» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ قىسمەن ماددا ـ تارماقلىرىنى تولۇقلاپ، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. بۇ تۇرپان شەھىرىدىكى سۇ مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن سۇ بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداشتىكى قانۇنىي كۈچكە ئىگە ھۆججەت بولۇپ قالدى.

تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە چوڭ ـ چوڭ ئىشلار توغرىسىدا قارار چىقىرىپ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇرپان شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى «5113» قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە تۇرپان شەھىرىدە ساياھەت مەدەنىيەت مەيدانى قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت شەھەر يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساپ، شەھەرنىڭ قاتناش ئەھۋالى، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئەدلىيە خىزمىتىنى باھالاش پۇختا قانات يايدۇرۇلۇپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، ئەدلىيە خىزمىتىنى باھالاشنى يولغا قويۇش چارىسى» گە ئاساسەن، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شەھەرلىك تېپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى باھالاشتىكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى باھالىدى. بۇ قېتىمقى باھالاش ئاساسەن سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاساسىي قانۇن ھەم خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار، بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، دېلولارنى ئادىل بېجىرىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مۇلازىمەتلىك قىلىش، پاكلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق سەككىز مەزمۇن ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلدى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە باھالاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئون قېتىم سەپەرۋەرلىك يىغىنى، 68 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، 1000 پارچە ئەدلىيە خىزمىتىنى باھالاشقا دائىر تەكشۈرۈش جەدۋىلى تارقىتىلدى، تېلېۋىزىيە مەخسۇس پروگراممىسى كۆرسىتىلدى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 617 ۋەكىلى ۋە


ئاما زىيارەت قىلىندى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر
سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار ، ھەق تەلەپ ، ئىق-
تىسادىي ۋە ئىجرا دېلوسىدىن 696 پارچىنى تەكشۈردى.
ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىنكاس
قىلغان ۋە ئاما تەمىنلىگەن مەسىلىلەرنى 23 تۈر قى-
لىپ رەتلەپ چىقىپ ، ئادەم تەشكىللەپ بىرمۇبىر تەك-
شۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى . ۋەكىللەر باھالاش يىغىنىدا
سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى ، سوت
مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈش بىلەن بىللە سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدە
زەربە بېرىش كۈچلۈك بولماسلىق، دېلو بېجىرىش سۈ-
پىتى تۆۋەن بولۇش ، دېلو بېجىرىش سۈرۈكى ئېشىپ
كېتىش ، دەۋا ھەققىنى كۆپ يىغىش ، ئىجرا قىلىشتا
كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق يەتتە جەھەتتە مەسىلە
ساقلانغانلىقى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىمقى باھالاش ۋە
ئەدلىيە ئورگانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، شە-
ھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتكومىنىڭ مەركىزىي
خىزمىتى ۋە شەھەرنىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ، ئىق-
تىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدىكى گەۋدىلىك خىزمىتىنى
چۆرىدىگەن ھالدا ئاساسىي قاتلامغا ، ئاما ئارىسىغا
چوڭقۇر چۆكۈپ ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن
ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايى-
دۇرۇپ، ئەدلىيە كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ساپاسى ۋە دېلو
بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى
ياخشىلاشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى رەھ-
بەرلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ
دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي تۈردە يې-
نىكلىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ھەقىقىي
ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم خەلق ۋەكىللە-
رى، ئەزالارنى باشلاپ، شەھەر تەۋەسىدىكى دېھقان -
چاۋرىچىلارنىڭ سېلىق ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈ-
رۈش داۋامىدا بەزى يېزا - كەنتلەردە دېھقانلارنىڭ سېلىقى
ئېغىرلاپ كېتىش مەسىلىسىنىڭ تۈپتىن ھەل قىلىن-
مىغانلىقى بايقالدى. شۇڭا خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ
يىغىنىدا «تۇرپان شەھىرىدىكى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى
ھەقىقىي يېنىكلىتىش توغرىسىدا قارار» نى ماقۇللاپ ،
دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ ، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق
ئاممىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىيىن نۇقتا،
قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەيدەكچىلىك
قىلدى.

شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «ئۈزۈم
قالايمىقان» نى تىزگىنلەپ ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى
ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، شەھەرلىك
ھۆكۈمەتتىن قالايمىقان ھەق ئېلىش ، قالايمىقان جەرى-
مانە قويۇشنى تەرتىپكە سېلىشنى ، خام چوت سىرتىدى-
كى كىرىمنى تەدرىجىي مالىيە خام چوت باشقۇرۇشىغا
كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى . شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ
قارارغا ئەھمىيەت بېرىپ ، شەھەر باشلىقىنىڭ ئىش بې-
جىرىش يىغىنىنى ئېچىپ ، «ئۈزۈم قالايمىقان» مەسى-
لىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ ، 14 تۈرلۈك قالاي-
مىقان ھەق ئېلىش تۈرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ، دېھقان-
لارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىدىن 3 مىليون 934 مىڭ يۈەننى
كەچۈرۈم قىلىشنى قارار قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە
دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتا نازارەتچىلىكنى
يولغا قويۇپ ، شەھەر بويىچە دېھقانلارغا ھەق يىغىش
كارتوچكىسى تارقىتىپ بېرىشنى ئالاھىدە بېكىتتى .
كارتوچكا بويىچە ھەق تاپشۇرغاندىن كېيىن دېھقانلار
ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن ئىقتىسادىي سېلىقنى رەت
قىلىپ، ئاما نازارەت قىلىشنى كۈچەيتكەچكە، دېھقان-
لارنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمىنىڭ مۇ-
ناسىۋەتلىك خىزمەت دوكلاتى ۋە مەخسۇس تېمىدىكى
خىزمەت دوكلاتىدىن 38 نى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ
چىقتى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن
بويىچە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى 176 كادىرنى ۋەزىپىگە تە-
يىنلىدى، 66 كادىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تۇرپان
شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغان
بەش يىلدىن بۇيان، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە
ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكلەردىن جەمئىي 504 پار-
چىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى ھەم ھال - ئەھۋال
ئېيتقۇچىلاردىن 1428 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىپ، ئۇلار-
نىڭ تەلەپ - پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ
بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بەردى. شەھەر بويىچە خەلق
قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى ياخشى ئىش، ئىلغار
تىپلارنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلى-
رىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە
قىلىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەردى، 45 ئىلغار ۋەكىللەر
پائالىيەت گۇرۇپپىسى بىلەن 83 مۇنەۋۋەر خەلق قۇرۇل-
تىيى ۋەكىلىنى تەقدىرلىدى.



# قەدىمكى خەلق — ماساگېتلار

مەرەمنىسا خۇدابەردى

قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا نۇرغۇن خەلقلەر ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىزنىڭ قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدۇر. ماساگېتلار دەل مۇشۇ بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بولغان خەلقلەرنىڭ بىرىدۇر.


ماساگېتلارنىڭ تارىخى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق ۋە يېتەرلىك ماتېرىياللار بولمىسىمۇ، ئەمما بەزىبىر ئىشەنچلىك يازما مەنبەلەر ۋە تارىخىي پاكىتلاردىن بىز ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ياشىغان ئورنى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تارىختا ئوينىغان رولى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

ماساگېتلار ھەققىدە سۆز ئېچىشتىن ئاۋۋال ساكلار ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ماساگېتلار قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ، دۇنيا تارىخىدا زور رول ئوينىغان ساكلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. «ساكلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن ئىلگىرى (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىردە) ئىلى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىدۇر». ① ساكلار توغرىسىدا ياپونىيىلىك چيەنداۋشىنىسى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق يولى — بوستان يولى ئاۋاتلىشىشتىن ئىلگىرى، شەرق-غەرب سودىسىنىڭ ئاساسىي يولى ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ سەل شىمالىدا ئىدى. قارادېڭىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى جەنۇبىي روسىيە تۈزلەڭلىكىدىن موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگىچە بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ يايلاق ئىدى. ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەتراپىدا كەڭ تۈزلەڭلىكلەر ۋە چوڭ دەريالار بار ئىدى. بۇ جايلاردا قەدىمدىن مەدەنىيەت يۈكسەك تەرەققىي قىلغان. دەل مۇشۇ يايلاقلاردا خېلى بۇرۇنلا كارۋان يولى بارلىققا كەلگەن. ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە سىكسايلار بۇ يولنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى ئىدى». ② بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان سىكسايلار دەل ساكلار بولۇپ، يۇقىرىقى بايانلار ساكلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشايدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پېرسىيە مەنبەلىرىدە ساكلارنىڭ ئۈچ تارمىقى تىلغا ئېلىنغان: بىرىنچىسى، ساكاخائۇماۋارگالار (ئۆزى چوقۇنىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېلىپ يۈرىدىغان ساكلار دېگەن مەنىدە) بولۇپ، ئۇلار پەرغانە ئويمانلىقى ۋە پامىر، ئالاي تېغى قاتارلىق جايلارغا تارالغان. ئىككىنچىسى، ساكاتىگراخائۇدالار (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار دېگەن مەنىدە) بولۇپ، ئۇلار قىرغىزىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستان يايلاقلىرى، يەنى پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، چۇ ۋادىسىدىن تاشكەنت، تيانشان بويلىرىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارالغان. ئۈچىنچىسى، ساكاتىئاتىپاراسرايالار (دېڭىزنىڭ ياكى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساكلار دېگەن مەنىدە) بولۇپ، ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى، ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، سوغدىيانا قاتارلىق جايلارغا تارالغان. ماساگېتلار ئۇلۇغ ساكلار دېگەن مەنىدە بولۇپ، ماساگېتلار تارالغان زېمىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن سىر دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى پارسچە يازما يادىكارلىقلاردىكى «ساكاتىئاتىپادىرايا» لاردۇر دېگەن قاراشقا دەلىللەۋاتىدۇ. ③ ماساگېتلارنىڭ ساكلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكى ھەققىدە «تۈركىي خەلق — ساكلار» دېگەن ماقالىدە ئېنىق ھالدا ماساگېتلارنىڭ ئۇلۇغ ساكلار دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ئومارسىنىڭ تۇران (ساك) خاقانلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساكلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى

بايان قىلىنغان. ④ دېمەك بۇلاردىن ساكلارنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە ماساگېتلارنىڭ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كۈچلۈك قەبىلە ئىكەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرى ساكلارنىڭ خاقانى بولۇپ، «ئۇلۇغ ساكلار» دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

ساكلارنىڭ ياشىغان زېمىنى «شەرقتە ئالتاي تاغلىرىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا سىبىرىيە يايلاقلىرىدىن جەنۇبتا ئىران ئېگىزلىكىگىچە» غا ۋە ماساگېتلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن «تۇمارىس رىۋايىتى» گە ئاساسلانغاندا، ماساگېتلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇران تۈزلەڭلىكى، يەنى ئامۇ دەرياسى (ئۆكۈز دەرياسى) بىلەن سىر دەرياسى (ياكسارتىس دەرياسى) ۋادىلىرىدا ياشىغان بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، جەڭ قىلىشقا، بولۇپمۇ ئات ئۈستىدە جەڭ قىلىشقا ئىنتايىن ماھىر. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرى بىلەن قان - قېرىنداش باشقا ساك قەبىلىلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردىمۇ ئۆز رەقىبلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنى كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. مەسىلەن، «تارىخنامە» نىڭ ئاپتورى، «تارىخ بوۋىسى» دەپ نام ئالغان قەدىمكى گىرېك تارىخشۇناسى ھېرودوتنىڭ ساكلار ھەققىدىكى بايانىدا، سېكسايلارنىڭ (ساكلارنىڭ) ماساگېتلارنىڭ زەربىسىگە چىدىماي كۆچۈپ كەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ⑤ بۇ يەردە دەل بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇقداش بولغان ئىككى خەلق — ماساگېت قەبىلىسى بىلەن ساكلارنىڭ باشقا قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قەبىلىۋى توقۇنۇش كۆرسىتىلگەن. ماساگېتلار يەنە ئۆزلىرىگە تاجاۋۇز قىلغان تاشقى دۈشمەنلەرگىمۇ قەھرىمانلارچە قارشى تۇرۇپ، ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەن. مەسىلەن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردە ئىران ئاخمېنىد سۇلالىسى باشقا ساك قەبىلىلىرىگە تاجاۋۇز قىلغان ۋاقىتتا ماساگېتلارغىمۇ ھۇجۇم قىلغان. ماساگېتلارنىڭ يولباشچىسى، تۇران خاقانى ئالىپ ئەرتۇڭا (ساك پادىشاھى) نىڭ نەۋرىسى، تۇران (ساك) خوتۇن - قىزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ئەقىللىقلىقى، مەردلىكىنىڭ سىمۋولى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك، ئالىي پەزىلەتلىك، قەھرىمان، دانىشمەن ئانىسى تۇمارىس مىلادىدىن بۇرۇنقى 529 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن كەيخىسراۋ (كورۇس II) نى ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىدا بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈپ، پارسلارنى پاجىئەلىك مەغلۇپ قىلغان. ⑥ ماساگېتلارنىڭ تاجاۋۇزچى ئىران شاھى كورۇس II نى ئۆلتۈرۈپ، پارسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بۇ رايونلارنى ئىگىلىۋېلىشىدىن توسىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئوينىغان ئەڭ زور رولىدۇر.

قىسقىسى، ماساگېتلار ساكلارنىڭ قەبىلىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىمىزنى تەشكىل قىلغۇچى ئەجدادلىرىمىزدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مىللىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئېتنىك تەرەققىياتىدىكى رولى خېلى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، چوقۇم ماساگېتلارنىڭ تارىخىنى ئېتراپلىق تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر.



ئىزاھات

①«شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 1 - سانىدىكى «) ئورۇمتاي (ۋە) بۆگور (نامى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن.

⑤②چىيەندۇشىنىسى (ياپونىيە) : «-يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل 1 - نەشرى، 15 - 16 - بەتلەر.

③ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - نەشرى 33 - بەت، 35 - بەتلەر.

④«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 12 - سانىدىكى ماقالىگە قارالسۇن.

⑥«دۇنيانىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 - يىل 1 - نەشرى 245 - بەت، 246 - بەتلەر.

**(ئاپتور ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)**

# بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 90 شاپىلاق يېگەندىن كېيىن ...

ۋاڭ يوڭ

1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 يېرىم ئەتراپىدا، لوپنور ناھىيىسى تارىم يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپتە تازىلىق تەكشۈرۈلۈپ، 4 - يىللىق 2 - سىنىپنىڭ تازىلىق رايونىدا بىر تال سۇپۇرگىنىڭ ياغىچى ئېلىنماي قالغانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپ بۇ سىنىپنىڭ تازىلىقىدىن بىر نومۇر تارتىۋەتكەن. سىنىپ مۇدىرى جاڭ تيەنلىڭ خەۋەرنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ تۇرغىنىدا، تازىلىق قىلغان سەككىز ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى مۇئەللىمگە: جاڭ يۈڭخېي ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ تازىلىقنى ياخشى قىلمىدى، دەپ دوكلات قىلغان. جاڭ مۇئەللىم بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ سەككىز ئوقۇغۇچىنى بىر يەرگە يىغىپ، يەتتىيلەننى جاڭ يۈڭخېينى ئۈچ شاپىلاقتىن ئۇرۇشقا بۇيرىغان. ئۈچىنچى ئوقۇغۇچى ئۇرغان ۋاقىتتا جاڭ يۈڭخېي ئاغرىققا چىدىماي يىغلىغان بولسىمۇ، قالغان ئوقۇغۇچىلار يەنىلا داۋاملىق ئۇرغان.

سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن، جاڭ تيەنلىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ، جاڭ يۈڭخېينى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۈچ شاپىلاق يېيىشكە بۇيرىغان. جاڭ يۈڭخېي يىغلىغان پېتى ھەر بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ شاپىلاقلىشىغا چىداپ تۇرغان، شېڭ پېڭ ئىسىملىك بىر بالا جاڭ يۈڭخېي بىلەن يېقىن ئۆتكەچكە يېنىكرەك ئۇرغان، بۇنى كۆرگەن جاڭ تيەنلىڭ شېڭ پېڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ئوقۇغۇچىغا شېڭ پېڭنى قاتتىق ئۈچ شاپىلاق ئۇرغۇزغان. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ھېچكىممۇ يېنىك شاپىلاقلاشقا پېتىنالمىغان، ھەتتا، ھېلىلا تالادا جاڭ يۈڭخېينى ئۇرغان يەتتە ئوقۇغۇچىمۇ يەنە بىر قېتىم ئۇرغان. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، جاڭ يۈڭخېي شاپىلاق يېگەن چاغدا قۇلىقىنىڭ قاتتىق غوڭۇلدىغانلىقىنى، لېكىن گەپ قىلىشقا پېتىنالمىغانلىقى، شاپىلاق يەپ بولۇپ داۋاملىق دەرسكە قاتناشقانلىقىنى ئېيتقان.

چۈشتە، جاڭ يۈڭخېي ئۆيىگە قايتمىغان، كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىنى بالىسىنىڭ سول مەڭزىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا گېپىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىيالمايۋاتقانلىقىنى بايقىغان. جاڭ يۈڭخېينىڭ ئاپىسى دەرھال مەكتەپكە بارغان. مەكتەپ مۇدىرى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، 300 يۈەن پۇلنى جاڭ يۈڭخېينىڭ ئاپىسىغا بېرىپ، ئالدى بىلەن بالىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېسەل كۆرسىتىڭ، بۇ مەسىلىنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىمىز، دېگەن.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەكتەپ مۇدىرى 4 - يىللىق 2 - سىنىپقا ئەھۋال ئىگىلەشكە كىرگەندە، بىرمۇ ئوقۇغۇچى راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، مەكتەپ مۇدىرى دەرھال: راست گەپ قىلغانلار تەقدىرلىنىدۇ، يالغان گەپ قىلغانلار مەكتەپتىن قوغلىنىدۇ، دېگەن. تەقدىرلىنىش ۋە مەكتەپتىن قوغلىنىشتەك بۇ ئىككى خىل تاللاش ئال-

دىدا ئىككى ئوقۇغۇچى راست گەپ قىلغان، مەكتەپ مۇدىرى نەق مەيداندا 20 يۈەن پۇل چىقىرىپ بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنى مۇكاپاتلىغان.


4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، تارىم يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ جاڭ تيەنلىگىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش ۋەقەسىگە قارىتا بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى چىقاردى: «جاڭ تيەنلىڭ ئوقۇغۇچى جاڭ يۈڭخېيگە تەن جازاسى بېرىپ، سىنىپتىكى 30 ئوقۇغۇچىنى جاڭ يۈڭخېينى ئۈچ شاپىلاقتىن ئۇرۇشقا بۇيرىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ناچار، ۋاستىسى قەبىھ، تەسىرى ئىنتايىن يامان بولۇپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ سىياسىتىگە ۋە ئالاقىدار نىزامىغا قاتتىق خىلاپلىق قىلدى. مەكتەپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، جاڭ تيەنلىگىنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ، كېيىنكى ئىپادىسىگە قاراشنى قارار قىلدى. خىزمەتتىن توختىتىلغان مەزگىلدە بىر تەرەپتىن قىلمىشىنى ئۆزگەرتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن جازالانغان ئوقۇغۇچىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئەپۇ سورايدۇ.»

مېنىڭ زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا جاڭ تيەنلىڭ «يەتتە ئوقۇغۇچىنىڭ تالادا جاڭ يۈڭخېينى ئۈچ شاپىلاقتىن ئۇرغانلىقى راست، سىنىپقا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇردى، لېكىن بەزىلىرى بىر شاپىلاق، بەزىلىرى ئىككى شاپىلاقتىن ئۇردى، جاڭ يۈڭخېينىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇنداق كۆپ ئۇرمىدى» دېدى. ئۇنىڭدىن زادى قانچە شاپىلاق ئۇرغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ «مەن ھېسابلاپ باقمىدىم، مەكتەپ مۇدىرى ھېسابلاپ باققان، شۇنىڭدىن سوراڭ» دېدى.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھېسابلىشىچە جاڭ يۈڭخېي جەمئىي 90 شاپىلاق يېگەن.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن بۇ ئىش مەكتەپ مۇدىرىغا بېسىم بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرى قان بېسىم ۋە دىئابىت كېسەللى قوزغىلىپ قالغان. ئۇ: 30 نەچچە يىللىق مائارىپ ھاياتىمدا، 17 يىل مەكتەپ مۇدىرى بولدۇم، بۇنداق ئىشقا تۇنجى قېتىم يولۇقۇشۇم. مەن بەك ئازابلىنىۋاتىمەن، دېدى. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا سۆزلەشكەن بولسىمۇ، ئىختىلاپ بەك چوڭ بولغاچقا، كېلىشەلمىگەن.

جاڭ يۈڭخېينىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى بىر دېھقان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرزەنتىنىڭ بۇ مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشنى چوڭايتىۋەتمەي ئۆزلىرى كېلىشىۋالماقچى بولغان. ئۇلار ياخشىراق داۋالىتىپ، مۇۋاپىق تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان، جاڭ تيەنلىگىنىڭمۇ خىزمەتتىن قۇرۇق قېلىشىنى خالىمىغان، ئەمما مۇناسىۋەتلىك خادىملار سەممىي بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولغان.



جاڭ يۈڭخېي 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇ ماڭا: «2 ـ يىللىقتىن باشلاپ، بەزىدە ئوقۇتقۇچۇمدىن، بەزىدە ساۋاقداشلىرىمدىن شاپىلاق يېدىم، بۇ بەكمۇ قورقۇنۇچلۇق، بۇنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيالمايمەن» دېدى.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مەن مەكتەپ مۇدىرىغا تېلېفون بېرىپ، جاڭ تيەنلىگىنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىشقا چۈشكەنلىكى، جاڭ يۈڭخېينىڭ يەنىلا ئۆيدە داۋالىنىۋاتقانلىقى، بۇ ۋەقەنىڭ تېخى نەتىجىسى چىقمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

جاڭ يۈڭخېي ئۈچ دوختۇرخانىدا داۋالىنىش جەريانىدا، بىرىنچى دوختۇرخانا: «ئىككى قۇلىقى يېنىك دەرىجىدە گاس بولۇپ قالغان، سول قۇلاق يۇمشاق مۇسكۇلى زەخىملەنگەن» دەپ دىئاگنوز قويدى. ئىككىنچى دوختۇرخانا: «قۇلاق پەردىسى ئولتۇرۇشۇپ قانىغان» دەپ دىئاگنوز قويدى. ئۈچىنچى دوختۇرخانا دىئاگنوز نەتىجىسىنى ئىككى تەرەپ تەق بولغاندا ئاندىن ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دوختۇرلار بالىنىڭ ئەسلىدىكى مۇھىتتىن ئايرىلىپ، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ھازىر جاڭ يۈڭخېينىڭ ئاتا ـ ئانىسى پەرزەنتى ئۈچۈن باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىش ـ كەتمەسلىك توغرىسىدا قاتتىق ئويلانماقتا.

**(«شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە گېزىتى» نىڭ 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىكى سانىدىن)**

**نۇسرەت كېۋىر تەرجىمىسى**

## قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتتى

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، ۋىلايەتتىكى بەش رەھبەرلىك بەنزە تەركىبىدىكىلەر، ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ۋىلايەتتىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قومۇلدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى فېڭزى يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا «ج ك پ قومۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» ئوقۇپ ئۆتۈلدى. «پىكىر» دە، ۋىلايەتنىڭ ئەمەلىيىتى ئاساس قىلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللاش ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە، ۋىلايەتنىڭ بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چيەن جى قانداق قىلىپ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە ھۆرمەت قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ، «ج ك پ قومۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نىڭ روھى بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، قەرەللىك ھالدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، يەرلىك دۆلەت ئورگىنىغا خاس رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى فېڭزى سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەخسۇس خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئاچقانلىقى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە مەدەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن قومۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇ-

رولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ » ئۇ قومۇل ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى ۋە ۋىلايەتلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ 20 يىلدەك تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، نۆۋەتتە مۇنداق تۆت ھالقىنى نۇقتىلىق تۇتۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى:

1. نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك؛ 2. ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ 3. ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ 4. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى باشتىن ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇش كېرەك.

ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئايۇپ قۇربان، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇراخمان كېرىم ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاچقان خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(قومۇل ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى)

## چاتقال يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى قانۇن تەشۋىقاتى ۋە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى

تۇرپان شەھىرى چاتقال يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يېزىلىق سىياسىي قانۇن ئىشخانىسى، خەلق سوتى، بىرلىكسەپ، ئورمانچىلىق پونكىتى، يەر باشقۇرۇش پونكىتى، پىلانلىق تۇغۇت ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، يېزىنىڭ چارشەنبە بازىرىدا بۇ يىل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

پائالىيەتتە 2250 پارچە قانۇن ئوقۇشلۇقى ۋە تەشۋىقات ۋارىقى تارقاتتى، 17 ئادەم (قېتىم) قانۇن مۇلازىمىتى قىلدى.

بارى مەمەت

(تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

## چارباغ يېزىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

لوپ ناھىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسى تۆت دەرىجىلىك خىزمەت ئەترىتىنىڭ رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ مۇقىملىق، مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار بۇ يېزىغا كەلگەندىن كېيىن، يېزىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئاجرىتىلغان 16 كادىر بەش نۇقتىلىق كەنتكە بېرىپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى، يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتمۇ مەركەزلىك تۈزەش بويىچە ئاساسىي قاتلاملارغا بارغان ئۈچ دەرىجىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە زىچ ماسلىشىش ئۈچۈن 19 كادىر ئاجرىتىپ، نۇقتىلىق كەنتلەرگە ئەۋەتتى، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مۇھىم نۇقتىنى كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش، تۈرلۈك قانۇن - تۈزۈم

تەشۋىقات، تەربىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا قاراتتى، دېھقانلار ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، ۋەزىيەت تەربىيىسى ئېلىپ باردى، يېزا بويىچە بەش قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى يىغىلىش ۋە رادىئو تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، 86 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، جەمئىيەت كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

نۇر مۇھەممەت مەخمۇت،
ئابلىزگۈل مۇھەممەت
(لوپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتىدىن)

## توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد پىكىرلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

بۇ يىل چاقىرىلغان ناھىيىلىك 12-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا ۋەكىللەر 51 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بەرگەنىدى. بۇ پىكىر، تەكلىپلەرنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر كادىرلار خىزمەت كومىتېتى ئەستايىدىل رەتلەپ چىقىپ، مۇدىرلار يىغىنىغا سۇنغاندىن كېيىن، مۇدىرلار يىغىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇنى 40 پارچىگە يىغىنچاقلاپ، 5-ئاينىڭ 12-كۈنى چاقىرىلغان سۆھبەت يىغىنىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇردى.

ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى سۆھبەت يىغىنىدا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد پىكىرلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا ناھىيىلىك 12-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدىن بۇيان ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتى داۋامىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان تۆت ئىلغار كوللېكتىپ، يەتتە ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى.

يىغىن ئاخىرىدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇردى نىياز ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

2. خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ ۋە كۆز ۋاقتىدا تاماملاپ، ۋەكىللەرنى رازى قىلىش ياكى ئاساسىي جەھەتتىن رازى قىلىشقا تىرىشىش لازىم.

3. رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش لازىم.

پەرھات بارات
(توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىدىن)


## ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 3-بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى

ئاۋات ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا ئاساسەن، ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 3-بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشتە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە قىسمەن ۋەكىللەر ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش، نەق مەيداننى تەكشۈرۈش، ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئالدۇرۇپ كۆرۈش، ئاممىنى زىيارەت قىلىش، سوئال سوراش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ناھىيىنىڭ تامتوغراق يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئىككى ئاھالىلەر كومىتېتى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

ئورگىنى، دوختۇرخانا، خىمىيە زاۋۇتى، ماددىي ئەشيا شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ساقلانغان تۆت تۈرلۈك مەسىلىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي تۈزىتىپ، تۈزىتىش ئەھۋالىنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تېزدىن يوللاپ بېرىشنى، ھەم ناھىيىنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، قانۇن ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ يېزىلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇش، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي، كارخانا ئورۇنلار، كادىرلار قوشۇنىنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئەركىن ئىمىاز
(ئاۋات ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)



## نامراتلارنى يۆلەشنى ئەستە چىقارمايدىغان ۋەكىللەر

ئونسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق بوزدۆڭ قىرغىز مىللىي يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر مىللەت ۋەكىللىرى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ھازىرغىچە نامرات ئائىلىلەرنى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىش، نامرات، قىيىنچىلىقى بار، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر ۋە قېرى، ئاجىز كىشىلەرگە ماددىي جەھەتتىن، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش، مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ،، بوزدۆڭ قىرغىز مىللىي يېزىسىدىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ قىزغىن ماختىشىغا ئېرىشتى.

بوزدۆڭ قىرغىز مىللىي يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 21 ۋەكىلى 40 نامرات چارۋىچى ئائىلىسىنى بۇ يىلدىن باشلاپ ئۈچ يىلغىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىپ، ھۆددىگە ئالغان نامرات ئائىلىلەر ۋە باشقا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى بۇ يىل 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە 12 مىڭ 885 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل، ئون تۇياق چارۋا، ئاشلىق، مايلىقدان، خىمىيىۋى ئوغۇت، كىيىم - كېچەك، ئەمگەك كۈچى قاتارلىقلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. بۇ يېزىنىڭ بوزدۆڭ كەنتىدىكى قىرغىز ۋەكىل مەمەت شارىپ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى يېتىشمىگەن ئىككى نامرات ئائىلىگە 600 كىلوگىرام بۇغداي ياردەم قىلدى. يەنە بايلىقئاتا كەنتىدىكى ۋەكىل غېنى ئابدۇرېھىم بۇ يىل قۇربان ھېيتتا چارۋىسى يوق ۋە قىيىنچىلىقى بار 34 ئائىلىگە 2000 يۈەن قىممىتىدىكى بىر قوتازنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى.

بۇ يېزىدىكى ھەر مىللەت ۋەكىللىرى نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈشنى ۋەكىللەر پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تىرىشماقتا.

تۇرسۇن نۇر
(ئونسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)

## بەشئېرىق بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى بەشئېرىق بازىرىدىكى دېھقانلارنى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك يۈكتىن قۇتۇلدۇردى

ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى 1999 - يىللىق بازار جەملەپ ئىشلىتىدىغان فوندى خىراجىتىنى 5% تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتىپ، دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.


بازارلىق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ يىل 103 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنىڭ بەش خىل فوندى خىراجىتىنى ئون يۈەندىن جەمئىي 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن قىسقارتىش، يىغىمىسىدىن 548 مىڭ يۈەننى تۇتۇپ قالماسلىقنى قارار قىلدى ھەمدە بۇ بازاردىكى 27 كەنتنىڭ ئەمەلىي

ئەھۋالىغا ئاساسەن ، ئالدىنقى يېرىم يىل ئىچىدە بەش خىل فوند خىراجەت ۋە بازار جەملەپ ئىشلىتىدىغان تۇرلۇك خىراجەتنى ئومۇمىيۈزلۈك جەدۋەللەشتۈرۈپ ئىشلەپ دېھقانلارغا ئاشكارا ئېلان قىلدى . نەتىجىدە بازاردىكى دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئۆتكەن يىلدىكىدىن 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى .

پەرھات مەسۇم
(قاۋات ناھىيە پەشمىرى بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىسى)

## توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى تاجىكلارنى خۇشاللاندۇردى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تاجىك مىللىتىنى ئاساس قىلغان ، كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم ناھىيە . بۇ ناھىيىدە ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە تاجىكلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرى ھەشەمەتچىلىك ، ئىسراپخورلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى . توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنىڭ چاي رەسمىيەتلىرى كۆپ ، چىقىمى زور بولاتتى . بۇنداق ئەھۋال بۇ نامرات ناھىيىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ، بېيىشىدىكى ئەڭ زور بېسىم بولۇپ قالغانىدى . قىسقىسى ، ئەمدىلا تۇرمۇشى ياخشىلانغان بىرەر ئائىلىلىك دېھقان ـ چارۋىچى بىرەر قېتىم توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزسىلا قايتىدىن نامراتلىشاتتى . بۇ خىل ناچار ئۆرپ ـ ئادەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ، ساغلام ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىش ئۈچۈن ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئامممىتىنىڭ توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈش ئارزۇسىغا ئاساسەن ، 1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى ماقۇللاپ ئېلان قىلدى . «چارە» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، گەرچە بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ، لېكىن كېچە ـ كۈندۈز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ، بېيىشنىڭ كويىدا يۈرگەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى ، ئىدارە ، ئورگانلار ، يېزا ، كەنتلەر بۇ چارىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ ، دېھقان ـ چارۋىچىلارغا دۆلەتنىڭ تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ ، توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا بولغان نازارەت ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى . پارتىيە ئەزالىرى ، دىنىي زاتلار ۋە ئامما ئارىسىدا تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان خەلق ۋەكىللىرى توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى ئىدىيىۋى خىزمەتنى پۇختا ئىشلىدى . بۇنىڭ بىلەن تاشقورغاندىكى تاجىكلار ئىلگىرىكى تاپقان ـ تەرگىنىنى توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا سەرپ قىلىشتەك ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ، بۇ چارىنى ئاڭلىق ھالدا ئىجرا قىلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى . نەتىجىدە «قەلىڭ ① » ، «قوش قوناق» ، «ناۋرى② » ، «سالامغا بېرىش» قاتارلىق توي رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلدى ۋە نەزىر ـ چىراغ دېگەن ئىشلىرىدىكى رەسمىيەتلەرگىمۇ چەك قويۇلدى .



+++++++++++

ئىزاھات: ① قەلىڭ — ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق ئۈچۈن بېرىدىغان چوڭ ـ كىچىك چارۋا . ② ناۋرى— توي ئاخىرلىشىپ ئىككى كۈندىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ بارلىق تۇغقانلىرى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارىدۇ . ئوغۇل تەرەپ ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىز تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ ياش پەرقىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كىيىم ـ كېچەك ۋە ئالىي رەختلەرنى قويىدۇ .

ئەلى قەمەس
(تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

## خەلقئارا سوت مەھكىمىسى

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى دۇنياۋى سوت مەھكىمىسى، گائاگا سوت مەھكىمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ب د ت نىڭ ئاساسىي ئەدلىيە ئورگىنى بولۇپ، ب د ت ب خارتىيىسى ۋە خەلقئارا سوت ئەھدىنامىسى بويىچە خىزمەت قىلىدۇ. خەلقئارا سوت مەھكىمىسى 1946 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ باش شتابى گوللاندىيىنىڭ گائاگا دېگەن يېرىدە. خەلقئارا سوت مەھكىمىسى ب د ت ۋە خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئايرىم ـ ئايرىم بېلەت تاشلاش ئارقىلىق سايلىغان، دۆلەت تەۋەلىكى ئوخشاش بولمىغان 15 سودىيىدىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر ئۈچ يىلدا بەش خادىم باشقىدىن سايلىنىدۇ، ھەر بىر سودىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توققۇز يىل بولۇپ، ئۇدا سايلانسا، ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئادەت بويىچە خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيىلىكىگە جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيىدىن ئىبارەت بەش دائىمىي ئەزا دۆلەتنىڭ خادىمى سايلىنىشى لازىم. خەلقئارا سوتنىڭ سودىيىلىرى ھەر قانداق بىر دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلمايدۇ ھەمدە سودىيىلىك ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا دىپلوماتىيە ئىمتىيازى ۋە كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. 1985 ـ يىلى دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا قانۇن مۇتەخەسسىسى نى جېڭئۇ خەلقئارا سوتنىڭ سودىيىلىكىگە سايلانغان. 1993 ـ يىلى دۆلىتىمىز دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى، دىپلوماتىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى شى جيۇيۇڭ جۇڭگونىڭ ئىككىنچى خەلقئارالىق سودىيىلىكىگە سايلانغان.

خەلقئارا سوتنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى خېلى كەڭ بولۇپ، ئۇ تالاش ـ تارتىشقا بىۋاستە ئالاقىسى بولغان دۆلەت ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە سۇنغان بارلىق دېلولارنى، شۇنىڭدەك ب د ت خارتىيىسى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئەھدىنامە ۋە كېلىشىملەردە بەلگىلەنگەن بارلىق دېلولارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ب د ت غا ئەزا بولمىغان دۆلەتلەرمۇ شىكايەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئەمما ئالاقىدار شەرتلەرنى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى قارار قىلىدۇ.

تۆۋەندىكىدەك تۆرلۈك قانۇنغا دائىر دەتالاشلاردا ھەر قايسى دۆلەتلەر ئالدىنئالا بايانات ئېلان قىلىپ، ئۆزئارا شەرتلىشىش شەرتى ئاستىدا، خەلقئارا سوتنىڭ زورلۇق بىلەن باشقۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرسە بولىدۇ، شۇڭا دەتالاش يۈز بەرگەندە ئۇنى خەلقئارا سوتنىڭ سوتلىشىغا سۇنۇش ئۈچۈن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئالاھىدە كېلىشىم تۈزۈشى ھاجەتسىز، خەلقئارا سوت بۇ خىلدىكى دەتالاشلارنىمۇ باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە: (1) ئەھدىنامىلەرنى چۈشەندۈرۈش توغرىسىدىكى دەتالاشلار؛ (2) ھەر قانداق خەلقئارالىق مەسىلە توغرىسىدىكى دەتالاشلار؛ (3) خەلقئارالىق مەجبۇرىيەتكە خىلاپ ھەر قانداق پاكىتنىڭ بارىيوقلۇقى توغرىسىدىكى دەتالاشلار؛ (4) خەلقئارالىق مەجبۇرىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلىق تۈپەيلىدىن ئۈستىگە ئالىدىغان تۆلەم جاۋابكارلىقىنىڭ خاراكتېرى ۋە دائىرىسى توغرىسىدىكى دەتالاشلار.

خەلقئارا سوت قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىدىغان دېلولاردا خەلقئارا ئەھدىنامىلەر، ئادەتلەنگەن خەلقئارالىق قانۇنلار، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئېتىراپ قىلغان ئادەتتىكى قانۇن پرىنسىپلار تەتبىقلىنىدۇ ھەمدە ئەدلىيە ھۆكۈمنامىلىرى ۋە خەلقئارا قانۇنشۇناسلارنىڭ تەلىماتلىرىنى قانۇن پرىنسىپلىرىنى بېكىتىشنىڭ قوشۇمچە ماتېرىيالى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

دەۋاگەر دۆلەت خەلقئارا سوتنىڭ دېلونى باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلغاندا، سوتنىڭ ھۆكۈمىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى توغرىلىق ۋەدە بېرىشى لازىم. ئەگەر بىر تەرەپ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلمىسا، يەنە بىر تەرەپ خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەرز سۇنسا بولىدۇ، خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەكلىپ بەرسە ياكى قارار چىقىرىپ بىر ياقلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ.

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى يەنە ب د ت قۇرۇلتىيى، خەۋپسىزلىك كېڭىشى قاتارلىق ب د ت نىڭ ئاساسلىق ئاپپاراتلىرى شۇنىڭدەك تۈرلۈك مەخسۇس ئاپپاراتلىرىغا ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان ھەر قانداق قانۇن مەسىلىلىرى توغرىلىق مەسلىھەت پىكىرلىرىنى بەرسە بولىدۇ.

(خېبېي «بەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خۇ-رۇلۇشىدە» نىڭ [illegible] ـ يىل 1 ـ سانىدىن ئېلىندى)

سىراجىددىن ئىسمايىل تەرجىمىسى

## خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇن

خەلقئارا قانۇن خەلقئارا ئومۇمىي قانۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ، خەلقئارا بېرىش - كېلىش ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنىڭ، يەنى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت پرىنسىپلىرى ھەم تۈزۈملىرىنى بەلگىلەشنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ. خەلقئارا قانۇننىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئۇ، ئەنئەنە بويىچە تىنچلىق قانۇنى، بەس - مۇنازىرە قانۇنى، ئۇرۇش قانۇنى، بىتەرەپلىك قانۇنىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تارماققا بۆلىنىدۇ، ھازىرقى خەلقئارا قانۇنلار يەنە ئەھدىنامە قانۇنى، دىپلوماتىيە ئەلچى كونسۇل قانۇنى، دېڭىز - ئوكيان قانۇنى، خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى، خەلقئارا ھەق تەلەپ قانۇنى، خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى زامان خەلقئارا قانۇنلىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى: بىر - بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش؛ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق؛ بىر - بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق؛ باراۋەرلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشتىن ئىبارەت. خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: (1) خەلقئارا قانۇننىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دۆلەتنى مۇھىم بىلىش؛ (2) خەلقئارا قانۇننىڭ تۈزگۈچىسى مۇئەييەن خەلقئارا مۇناسىۋەتكە چېتىلىدىغان دۆلەت، ئالاقىدار دۆلەتلەر ماقۇللىغان كېلىشىملەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئۆزلىرىگە قارىتا چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان پرىنسىپ، قائىدە ۋە تۈزۈملەردۇر. خەلقئارادا دۆلەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، ھەر قانداق دۆلەتكە نىسبەتەن چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان قانۇن يوق؛ (3) خەلقئارا قانۇن دۆلەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەركەزلىك، تەشكىللىك زورلۇق ئاپپاراتىغا تايىنىپ يولغا قويۇلمايدۇ، بەلكى ئالاقىدار دۆلەتنىڭ كونكرېت ياكى ئايرىم تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ يولغا قويۇلىدۇ. خەلقئارا دەتالاشلار سۆھبەتلىشىش، كېڭەشمىش، ياراشتۇرۇش ۋە سالا قىلىش، خەلقئارا ھەكەملەر سوتى ۋە ئەدلىيە كېسىمى شۇنىڭدەك خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ قارار چىقىرىشى قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇن چەتكە چېتىشلىق ھەق تەلەپ دېلولىرىغا قارىتا سوتنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى، قانۇنلارنى تەتبىقلىمىشى شۇنىڭدەك چەت ئەلنىڭ ھۆكۈمى ۋە ھەكەملەر سوتىنىڭ كېسىملىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش مەسىلىلىرى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان قانۇن، قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. بۇ بەلگىلىمىلەر ئاساسەن ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىدە تۈزۈلگەن قانۇنلىرىدا، بەزىلىرى ئەھدىنامىلەردە بېكىتىلگەن بولىدۇ، دۇنيادا دۆلەت چېگرىسى ھالقىغان سودا پائالىيەتلىرىنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، بىر دۆلەت پۇقراسىنىڭ باشقا دۆلەت تېررىتورىيىسىدە سودا قىلىپ مال - مۈلۈك سېتىۋېلىشى، توختام تۈزۈشى، ئۆزئارا نىكاھلىنىشى، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشى قاتارلىق ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر مۇناسىۋەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى؛ لېكىن، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرىگە دائىر تۈزۈلگەن قانۇن، بەلگىلىمىلەر كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر قاتار مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاساسلىقى، مۇبادا ھەق تەلەپ ماجىراسى يۈز بەرسە، قايسى دۆلەتنىڭ قانۇنى تەتبىقلىنىدۇ، قايسى دۆلەتكە ئەرز سۇنۇلىدۇ ياكى قايسى دۆلەتنىڭ ھەكەملەر سوتىغا ئاپشۇرۇلىدۇ؟ بىرەر دۆلەت سوتىنىڭ ھۆكۈمى ياكى ھەكەملەر سوتىنىڭ كېسىمىنى ئالاقىدار دۆلەت ئېتىراپ قىلامدۇ ۋە ئىجرا قىلامدۇ - يوق؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبتىن خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇن ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بارلىققا كەلگەن. خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇن بىرەر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، چەتكە چېتىشلىق مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشكە قارىتىلغان. ئۇنىڭدا: (1) سۇبيېكتىپ تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ چەت ئەللىك بولۇشى؛ (2) ئوبيېكتى چەت ئەللەرگە جايلاشقان نەرسىلەر ياكى باشقا بۇيۇملار بولۇشى؛ (3) ئالاقىدار ئاساسى قىلىپ بارلىققا كەلتۈرىدىغان ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۆزگىرىشى ياكى يوقىلىشى چەت ئەلدە بولغان بولۇشى

كېرەك. ئۇ چېتىلىدىغان ئاساسلىق مەسىلىلەر — چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ھەق تەلەپ مۇناسىۋىتىدىكى قانۇنىي ئورنى؛ چەتكە چېتىشلىق ئىگىدارلىق ھوقۇقى مۇناسىۋىتى؛ تاشقى سودىدىكى ئېلىپ - سېتىش، ترانسپورت، تۆلەم، ھېساب - كىتاب قىلىش، سۇغۇرتا قاتارلىق مۇناسىۋەتلەر؛ چەتكە چېتىشلىق ئادەتتىكى قەرز مۇناسىۋەتلىرى؛ چەتكە چېتىشلىق نىكاھ، ئائىلە ۋە مىراسخورلۇق مۇناسىۋەتلىرى؛ چەتكە چېتىشلىق ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ئەدلىيە تەۋەلىكى ۋە ھەكەملەر سوتىنىڭ كېسىمى؛ چەتكە چېتىشلىق ئەدلىيە ھۆججەتلىرىنىڭ ئۇقتۇرۇلۇشى ۋە يەتكۈزۈلۈشى، چەت ئەل سوتلىرىنىڭ ھۆكۈملىرى ياكى چەت ئەل ھەكەملەر سوتى ئاپپاراتلىرىنىڭ كېسىمىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى ۋەھاكازالار. نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ئالاقىدار خۇسۇسىي قانۇنلارنى چىقىرىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە ئايرىم بىر باب قىلىپ بەلگىلەنگەن «چەتكە چېتىشلىق ھەق تەلەپ مۇناسىۋىتىدە قانۇنلارنىڭ تەتبىقلىنىشى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا ئايرىم تۈزۈلگەن چەتكە چېتىشلىق ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى توغرىسىدىكى ئالاھىدە بەلگىلىمە»لەردىن باشقا، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ باشقۇرغان كارخانىلار قانۇنى، چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار قانۇنى، چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادىي توختام قانۇنى، پاتېنت قانۇنى، ماركا قانۇنى، مىراسخورلۇق قانۇنى قاتارلىق قانۇنلاردا خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇنلار توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بار.

(خېبېي «يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خەۋەرلىشى» ژۇرنىلى 1996 - يىل 8 - سانىدىن قىسقارتىلدى)

سىراجىدىن ئىسمايىل تەرجىمىسى

## ئادەت قانۇنى ۋە ئادەت قانۇنى سوتى

ئادەت قانۇنى بىر خىل «يېزىقسىز قانۇن» بولۇپ، دۆلەت ئېتىراپ قىلغان ھەمدە قانۇنىي ئۈنۈم بېرىلگەن ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. ئادەت رەسمىي ئادەت (يېزىق بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرۇلىدىغان ئادەت) ۋە يېزىقسىز ئادەت (يېزىق بىلەن خاتىرىلەنمەيدىغان ئادەت) دەپ ئايرىلىدۇ. ئادەت قانۇنى قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ قانۇنلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئۇنىڭ رولى كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ، يېزىقچە قانۇنلار بارغانسېرى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى، ئەمما كىشىلەر خەلقئارا سودا قانۇنى جەھەتتە كۆپىنچە ئادەت قانۇنلىرىغا تايانماقتا. دۆلىتىمىزدە ئادەت قانۇنلىرى قانۇننىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھېسابلانمايدۇ.

ئادەت قانۇنى سوتى يەنە «يەرلىك سوت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇ يەر ياكى شۇ مىللەتنىڭ يېزىقسىز ئادەت قانۇنلىرىنى سوتتا ئاساس قىلىدىغان سوت مەھكىمىلىرى ئاساسەن ئافرىقا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەر ۋە بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە مەۋجۇت. مۇستەملىكچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئىلگىرى، ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرى شۇ يەردىكى ئادەت قانۇنلىرىغا ئاساسەن قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىنغان، ئۇنىڭدا ئادەتتە مۇنداق ئىككى خىل شەكىل قوللىنىلغان: (1) قەبىلە باشلىقى جەمئىيەت ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەت يوق جايلاردا نىكاھ ئىشلىرى، بالىلارغا ھامىيلىق قىلىش، يەرگە ۋارىسلىق قىلىش دەۋالىرى ئۈستىدە ئائىلە ئاقساقىلى، ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتلار، مۆتىۋەرلەر، كۆچى ھەم تەسىرى بار چوڭ جەمەتنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى كېسىم چىقارغان ۋە مۇرەسسەلەشتۈرگەن؛ (2) سىياسىي ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن جەمئىيەتتە بىر قەدەر قېلىپلاشقان، ئۆزىگە خاس سىستېمىغا ئىگە سوت مەھكىمىلىرى شەكىللەنگەن. ئۇنىڭدا كىچىك قەبىلە باشلىقى ياكى ئورۇق ئاقساقىلى باشقۇرغان سوتنىڭ دېلولار ھەققىدىكى كېسىمى ئۈستىدە چوڭ قەبىلە باشلىقى باشقۇرغان يۇقىرى سوتقا ئەرز

سۇنۇلسا بولىدۇ. بەزى مىللەتلەر يەنە قەبىلە باشلىقى ئارقىلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت مىنىستىرىگە ئەرز سۇنسا، مىنىستىر دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تارمىقىغا ئەرز سۇنسا بولىدۇ. مۇستەملىكىچىلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى (ئاساسەن شەھەرلەر) دىكى خەلقئارا سودا، جىنايى ئىشلار دەۋالىرىدا پۈتۈنلەي مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى تەتبىقلىنىپ، «ھازىرقى زامان قانۇنلىرى» دەپ ئاتالغان ھەمدە شۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن، بىرلىككە كەلگەن ئەدلىيە تەشكىلاتلىرى تەسىس قىلىنىپ، «ھازىرقى زامان سوت مەھكىمىلىرى» دەپ ئاتالغان. ئەسلىدە بار بولغان ئادەت قانۇنى سوت مەھكىمىلىرى ئاساسەن يېزىلاردىكى ئالاقىدار ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىش، نىكاھ قاتارلىق ئىشلىرىغا دائىر سالاھىيەت قانۇنلىرىنى ئاساس قىلىپ، داۋاملىق دېلو بېجىرگەن. ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ھازىرقى زامان سوت مەھكىمىلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئادەت قانۇنى سوت مەھكىمىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلى بىردەك بولمىدى. مەسىلەن، گانا، ئۇگاندا، نىگېرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە 1956 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى قانۇنى تۈزۈلۈپ، ئادەت قانۇنى سوت مەھكىمىلىرى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، ئۇلار شۇ دۆلەتنىڭ رەسمىي سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى؛ كېنىيە، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرى ئادەت قانۇنى سوت مەھكىمىلىرىگە قارىتا نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، قەبىلە باشلىقلىرى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرمايدىغان بولدى؛ زايىر 1968 - يىلى ئەدلىيە تەشكىلاتى ۋە باشقۇرۇش تەۋەلىكى قانۇن قامۇسىنى تۈزۈپ، ئامانلىق ساقلاش سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىپ، ئۇنى ئادەت قانۇنى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، ئەمما ئادەت قانۇنى سوت مەھكىمىسى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

(خېبېي «يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى» نىڭ 1998 - يىللىق 6 - سانىدىن ئېلىندى)

سىراجىدىن ئىسمايىل تەرجىمىسى



## تۇرمۇش ساۋاتلىرى

△ ئەمبەلدىكى بېلىق پۇرىقىنى يوقىتىش ئۇسۇلى: ئەمبەلنى گۈرۈچ سۈيىگە چىلىغاندىن كېيىن ئازراق تۇز چېچىپ، ئاندىن ئىسسىق سۇ بىلەن يۇۋەتسىڭىز سېسىق پۇراق يوقايدۇ.

△ كالا سۈتى، ئۇماچ، تۇخۇم قاچىلىغان قاچىنى ئالدى بىلەن سوغۇق سۇغا چىلاپ ئاندىن ئىسسىق سۇدا يۇسىڭىز ئاسانلا پاكىزلىغىلى بولىدۇ.

△ بېلىق پىشۇرغاندا، قىزىق ياغقا بىر قانچە پارچە زەنجىۋىل سېلىۋەتسىڭىز بېلىق كۆيۈپ كەتمەيدۇ ھەم مېزىلىك بولىدۇ.

△ بېلىقنى ئازراق جاڭيۇ، تەرخەمەك پارچىسى، زەنجىۋىل ياكى سۇڭپىياز قوشۇپ پىشۇرسىڭىز تەمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ.

△ بېلىقنى تۇز سۈيىدە يۇسىڭىز پۇرىقىنى يوقىتالايسىز. ياغدا پىشۇرغاندا يەنە ئازراق ھاراق قوشۇپ پىشۇرسىڭىز، بېلىق پۇرىقى يوقايدۇ.

يەن شۇلىن تەرجىمىسى



# قۇرامىغا يەتمىگەنلەر قانۇن سىلەرنى ئالاھىدە قوغدايدۇ

دۆلىتىمىز قانۇنىدا بەلگىلەنگەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەر 18 ياشقا توشمىغان پۇقرالارنى كۆرسىتىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: دۆلەت، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلىلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قانۇنني ۋارىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتە تەربىيە بېرىشى ۋە ياردەم بېرىشى لازىم. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قانۇن جەھەتتىن قوغداش ئاساسەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا چېتىلىدۇ.

**1. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ نومۇسى قانۇن تەرىپىدىن ئالاھىدە قوغدىلىدۇ**

نومۇس ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما كۈندىلىك تۇرمۇشتا، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ نومۇسىنى قانۇن جەھەتتىن قوغداشقا سەل قارىلىۋاتىدۇ.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنىڭ 30 ـ ماددىسىدا: «ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ نومۇسىغا تاقىلىدىغان ئىشلارنى ئاشكارىلىشىغا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاخبارات ۋاستىلىرى سەبىي قىزلارنى ئالداپ سېتىشنىڭ جەريانىنى يوشۇرماي ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلسا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى تونۇش كىشىلەرنىڭ مۇنازىرىسىنى قوزغايدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يولى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ماھىيەتتە، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئالاھىدە نومۇس ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەنلىك بولۇپ، ئۇنى قانۇن بويىچە قاتتىق تۈزىتىش كېرەك.

**2. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ناچار مەنىۋى مەدەنىيلىك بۇيۇملىرىنى تارقىتىش قانۇنغا خىلاپ**

بازاردا تولۇپ كەتكەن بەزى سۈپىتى ناچار مەنىۋى مەدەنىيلىك بۇيۇملىرى ئۆسمۈر بالىلارنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئىستېمالىدا بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن، كىتاب بازارلىرىدا سۈپىتى تۆۋەن، بىمەنە، ياخشى تەھرىرلەنمەي نەشر قىلىنغان ئىلمىي فانتازىيە، بالىلار چۆچىكى قاتارلىق ئوقۇشلۇقلارنىڭ بەزىلىرى شەھۋانىي تۈس ئالغان. مۇشۇ تۈردىكى كىتابلار بالىلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى غىدىقلاپ، ئۇلارنىڭ قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدىغان ئوقۇشلۇقىغا ئايلانغان، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق بالىلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان قورال. لېكىن كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، نۇرغۇن ئويۇنچۇق كارتىسىدا شەھۋانىيلىق، زوراۋانلىق كۆرۈنۈشى بار. ئويۇنچۇقخانىدا بالىلار نەچچە يۈەن خەجلەپ بىر قېتىم دەھشەتلىك «جەڭ» قىلىدۇ. ئېكراندا «تانكا چېكى» پەيدا بولماستىن بەلكى، «ئەرۋاھ بىلەن ئېلىشىش»، «لياڭشەن تېغىدىكى باتۇرلار»، «كوچىدىكى مۇشتۇمزورلار» نىڭ مۇشتلىرى كۆرۈنىدۇ. بەزى چاغلاردا ھەتتا شەھۋانىي كۆرۈنۈش چىقىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە بالىلارنىڭ نېمىلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنىڭ 25 ـ ماددىسىدا: «ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە شەھۋانىيلىق، زوراۋانلىق، قاتىللىق، تېرورلۇق قاتارلىق قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى زەھەرلەيدىغان مەزمۇندىكى كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ۋە ئۈن ـ

سىن بۇيۇملىرىنى سېتىشى، ئىجارىگە بېرىشى ۋە ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق تارقىتىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

**3 . قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچىلار قانۇن تەرىپىدىن ئالاھىدە قوغدىلىدۇ**

قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچى دېگەندە، 16 ياشتىن ئاشقان 18 ياشقا توشمىغان ئەمگەكچىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنىڭ 28 ـ ماددىسىدا: «ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ 16 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشىگە بولمايدۇ. دۆلەتنىڭ باشقىچە بەلگىلىمىسى بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ بەلگىلەنگەن. بەزى جايلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئەمگەك قانۇنىنىڭ 64 ـ ماددىسىدا: «قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچىلارنى كان قۇدۇقى ئاستىغا، زەھەرلىنىدىغان ۋە زىيان ـ زەخمەت يېتىدىغان ئەمگەككە، دۆلەت بېكىتكەن 4 ـ دەرىجىلىك سىجىللىقتا ئىگە ئەمگەككە ۋە شۇغۇللىنىش چەكلەنگەن باشقا ئەمگەكلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرامىغا يەتمىگەن ئىشچىلارنىڭ خىزمەت قىلىش ۋاقتىنى قىسقارتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

**4 . قۇرامىغا يەتمىگەن جىنايەت گۇماندارلىرىنى سوت قىلغاندا ئۇلار ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ**

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنىڭ 42 ـ ماددىسىدا «14 ياشتىن ئاشقان، 16 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئەنزىلىرى بىردەك ئوچۇق سوت قىلىنمايدۇ. 16 ياشتىن ئاشقان، 18 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئەنزىلىرىمۇ ئادەتتە ئوچۇق سوت قىلىنمايدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئەنزىلىرىنى ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن، ئاخبارات، كىنو ـ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىدا ۋە ئاشكارا نەشر بۇيۇملىرىدا ئىسمىنى ئاشكارىلاشقا، تۇرالغۇ جايى، سۈرىتى ۋە مەزكۇر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بىلگىلى بولىدىغان ماتېرىياللارنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

**5 . قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كوللېكتىپ پاسسىپ ھالەتتە تاماكا چېكىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش، ئۇلارنى خېيىم ـ خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلىش قانۇنغا خىلاپ**

قۇرامىغا يەتمىگەنلەر توپلاشقان سورۇندا تاماكا چېكىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ پاسسىپ ھالەتتە تاماكا چېكىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىر خىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىش. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنىڭ 27 ـ ماددىسىدا: «ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى، يەسلىدىكى سىنىپلاردا، ياتاقلاردا، پائالىيەت ئۆيلىرىدە ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەر توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان باشقا بۆلۈملەردە تاماكا چېكىشىگە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئوت ئۆچۈرۈش، كەلكۈن، ھۆلچىلىككە تاقابىل تۇرۇپ خېيىم ـ خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پائالىيىتىدە، بەزى جايلار ۋە مەكتەپلەر ئۆسمۈر بالىلارغا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدا بىر تەرەپلىمە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. مەسىلەن، ئىلگىرىكى يىللاردا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوتتىن قۇتقۇزۇشىدىكى قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇسلۇبقا ئەھمىيەت بېرەمەي ئىلھاملاندۇرۇش روھىنى قوزغىدى. نەتىجىدە قۇرامىغا يەتمىگەنلەر بۇنى دوراپ ئورۇنسىز قۇربان بېرىش ۋەقەسى كېلىپ چىقتى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەت بىلەن دۆلەت ئورمانلىقتا ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش نىزامىنىڭ 26 ـ ماددىسىدا: «ئورمانلىقتىكى ئوت ئاپىتىگە بالىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ قاتناشتۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇڭا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ خېيىم ـ خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىشىنى بىر تەرەپلىمە تەشۋىق قىلىش ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلارنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەرنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغدىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىل 30 ـ مايدىكى سانىدىن)

گۈلنىسا كېرەم تەرجىمىسى

# چەت ئەل نىكاھ قانۇنلىرىدىن

△ ئېكۋاتورنىڭ ئانىس تاغلىق رايونىنىڭ يەرلىك قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: تۇنجى قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقان ئايال چوقۇم بەش يىل تۇل ئۆتۈپ، ئاندىن قايتا توي قىلسا بولىدۇ، ئىككى قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن چوقۇم سەككىز يىل تۇل ئۆتۈپ ئاندىن قايتا ياتلىق بولسا بولىدۇ. ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق نىكاھتىن ئاجراشقانلار ئۆمۈر بويى توي قىلىشقا بولمايدۇ.


△ پېرۇ ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئايالىنى تىللىغانلار بەش كۈندىن ئون كۈنگىچە نەزەربەنت قىلىنىدۇ، ئۇرغانلار بىر ئاي مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىدۇ. ئايالىنى ئۇروپ ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرغانلار بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.


△ نېگىرىيەنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى مۇنداق بەلگىلەنگەن: ھەر قانداق ئەر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلار بىلەن توي قىلسا بىردەك تۈرمىگە قامىلىدۇ ۋە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

△ سۇلايمان تاقىم ئارىلىدىكى بىر رايونىنىڭ قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئەرلەرنىڭ تويلۇق سوۋغىتى 400 فوندستېرلىڭغا بارۋەر كېلىدىغان ئەلك يۇقىرى چەك سوممىسىدىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار بىردەك ئۈچ ئاي نەزەربەنت قىلىنىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.

△ ئەنگلىيەنىڭ قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: مۇبادا ئەر ئامما ئالدىدا قەسەم بەرسە ھەمدە بىر يىل ئىچىدە ئايالى بىلەن زادىلا ئۇرۇشمىسا ئۇ دۆلەت خەزىنىسىدىن بىر دانە چوشقا سېنىغا ئېرىشەلەيدۇ.

پەن شۇلىن تەرجىمىسى





# 15 كۈن سوغاقان بولۇش

نىكاھنى مۇستەھكەملەش، ئائىلىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يېقىندا نىكاھلىنىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلارغا قارىتا مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى «15 كۈن سوغاقان بولۇش» قانۇن لايىھىسى ماقۇللىدى. مەزكۇر قانۇن لايىھىسى نىكاھ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق، نىكاھلىنىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ ئائىلە قۇرۇش ئىرادىسىنى سىناش، ئالدىراپ - تېنەپ توي قىلىپ، يەڭگىللىك بىلەن ئاجرىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدىكەن.

(«تەرمىلەر گېزىتى» 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى سانىدىن)

زۇلپىيە ياقۇپ تەرجىمىسى


# چاچ

رىزۋانگۈل ئابابەكرى

چاچ ئىدىغۇ بىزنىڭ كۆركىمىز،
چاچ ئىدىغۇ بىزنىڭ كۆرگىمىز.
چاچ ئىدىغۇ بىزنى تونۇتقان،
گۈزەللىككە سىمۋول بەلگىمىز.

چاچ بېرەتتى بىزلەرگە سۆلەت،
چاچ بېرەتتى بىزگە لەتاپەت.
چاچنى كېسىپ تاپتۇق نېمىنى؟
بىلەلمەيلا كەتتۇققۇ پەقەت.

ئۇيغۇر قىزى ئەينەككە قارا.
ئۆز ئەسلىڭدىن نېمىلەر قالدى؟
سۇمبۇل چاچسىز يۈرگەن شۇ تۇرقۇڭ،
دىلغا ئەپسۇس ئەلىمى سالدى.



# تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

△ ئۈمىدسىز ئادەم قاناتسىز قۇشقا ئوخشايدۇ. ھەر قانداق ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىمۇ چوقۇم ئۈمىدلىك بولۇڭ.

△ ۋاقىت كەينىگە قايتسا ئىدى، ئىنسانلار بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل كېلەچەك ياراتقان بولاتتى.

△ دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتى بىلىنىدۇ.

△ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان رېئاللىقنى چوقۇم قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

△ مۇھەببەتتىكى ئەڭ بۈيۈك تۆت نەرسە شۇكى: ئۆزئارا ئىشىنىش، ھۆرمەت، چۈشىنىش ۋە سەمىمىيلىك.

△ تۇرمۇش دېڭىزىنىڭ دەھشەتلىك قاينامىلىرىدا ئۈزىمەن دەيدىكەنسىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىنىڭ يۇتۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەڭ.

△ دۇنيادا مۇھەببەتتىن مەڭگۇ قانائەتلەنمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان كىشىلەر يەنىلا ئاياللاردۇر.

△ پۇل — سەن ئىنسانلار گۈلىنىڭ ئارىسىغا ئۈنگەن شۇمبۇيا.

△ پۇل — سەن بەختلىك ئائىلىنىڭ قەبرىگاھى.

△ پۇل — سەن ۋاپا، ئەقىدە، سەمىمىيلىك، ۋىجدانغا چۈشكەن پارازىت.

△ پۇل — سەن ئەڭ قىممەتلىك ھەم ئەڭ ئەرزىمەس نەرسە.

# شېئىر

قۇربان ئابدۇرېھىم

بىر خىللا ئۆتمەيدۇ ئەزەلدىن بۇ كۈن،
بىر ئاجىز ئۇچراپتى بولدۇممەن قاياش.
ئۇنىڭمۇ ئوغلى بار مېنىڭدەك بەلكىم،
مېنىڭمۇ ئانام بار ئۇنىڭغا ئوخشاش.

※ ※ ※ ※

نان ياقتى تونۇرغا ئانام ئېڭىشىپ،
شۇ ناندەك يۈزلىرى كەتتى قىزىرىپ.
ئانامدەك سۆيۈملۈك بولدى شۇ نانمۇ،
ئانامنىڭ مېھرىدىن چىققاچقا پىشىپ.

※ ※ ※ ※

بىر ئۆيدە تۇرسىمۇ مەن بىلەن ئانام،
ھەر سەھەر تۇرغاندا بېرىمەن سالام.
سورىما ...ئۇلۇغلۇق ئاندا بىلسەڭ؟
بىلەرسەن بۇنىمۇ دېگەندە «بالام!».

※ ※ ※ ※

تونۇۋال تېڭىلغان تەدبىرگە تەقدىر،
تەقدىرگە تېۋىنما تەلەيىنى تىلەپ.
تەدبىرگە تەلەيىنىڭ تونۇشلۇقى تۈز،
تەدبىرنى تاپمىساڭ تۈزارسەن تېنەپ.

※ ※ ※ ※

يىل كېلىپ يېشىڭغا قېتىپتۇ بىر ياش،
كېتىپتۇ يالىلىق بولۇپ قاپسەن ياش.
ئۆگەنگىن، ياشلىقنى بەرگەن بۇ يىللار،
چال قىلىپ كۆزۈڭدىن ئاققۇزمىسۇن ياش.

※ ※ ※ ※

سائەتلىك يولغىمۇ ئۆزۈۋتار ئانام،
دەيدۇ ھەم ئونۇتماي: «ئامان بول بالام».
مەن دەيمەن كۆڭلۈمدە: سەنمۇ ئامان بول،
سەن ئۈچۈن ھەممىدىن كېچەرمەن تامام.

(مەكتەپ ناھىيە قىزىلتاغ يېزىلىق
خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

# خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى

| | |
|---|---|
| 扣缴义务人 | باجنى ۋاكالىتەن تاپشۇرغۇچىلار |
| 滥用职权 | خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىش |
| 滥伐森林 | ئورماننى قالايمىقان كېسىش |
| 滥用职权或者玩忽职守 | خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىش ياكى خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش |
| 劳务输出 | ئەمگەك كۈچى چىقىرىش |
| 累犯 | تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزۈش |
| 利用计算机实施金融诈骗 | كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىقى قىلىش |
| 利用职权,从属关系 | خىزمەت ھوقۇقىدىن، بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىش |
| 利诱 | ئازدۇرۇش |
| 量刑 | جازا ئۆلچەش |
| 淋病 | سۆزنەك |
| 临阵畏缩 | جەڭدىن قورقۇش |
| 露骨宣扬色情的淫秽性的书刊 | ئىشقۋازلىق قىپيالىڭاچ تەرغىپ قىلىنغان، بۇزۇقچىلىقنى ئۆگىتىدىغان كىتاب-ژۇرنال |
| 掠夺无辜居民财物 | بىگۇناھ ئاھالىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى تالان-تاراج قىلىش |
| 轮奸 | نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش |
| 吗啡 | مورفىي |
| 麻醉药品,精神药品 | ناركوز دورىسى ۋە روھىي كېسەل دورىسى |
| 冒充军警 | ھەربىي، ساقچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىش |
| 梅毒 | سىفلىس |
| 谋取不正当利益 | نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈش |
| 免除处罚 | جازا كەچۈرۈم قىلىش |
| 民族歧视 | مىللىي كەمسىتىش |
| 民族仇恨 | مىللىي ئۆچمەنلىك |
| 名胜古迹 | ئاسارئەتىقە |
| 民事赔偿责任 | ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقى |
| 没收财产 | مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش |
| 纳税申报 | تاپشۇرىدىغان باجنى مەلۇم قىلىش |
| 纳税人 | باج تاپشۇرغۇچى |
| 虐待部属 | قول ئاستىدىكىلەرنى خارلاش |
| 虐待俘虏 | ئەسىرلەرنى خارلاش |
| 虐待行为 | خارلاش قىلمىشى |
| 判决、裁定 | ھۆكۈم ۋە كېسىم |
| 披露商业秘密 | سودا مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاش |
| 批评人 | تەنقىد قىلغۇچى |


| | |
|---|---|
| 骗取护照、签证 | پاسپورت ۋىزىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش |
| 票据 | چەك ـ ھۆججەت |
| 破坏环境资源保护罪 | مۇھىت ۋە بايلىقنى قوغداشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى |
| 破坏金融管理秩序罪 | پۇل ـ مۇئامىلە باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى |
| 破坏社会主义市场经济秩序罪 | سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى |
| 欺压,残害群众 | ئاممىنى بوزەك قىلىش زىيانكەشلىك قىلىش |
| 企业的董事,经理 | كارخانا مۇدىرى دىرېكتورى |
| 欺诈手段虚报注册资本 | تىزىمغا ئالدۇرغان كاپىتالنى باشقا ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن يالغان مەلۇم قىلىش |
| 强奸妇女 | ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش |
| 强买强卖商品 | زورلاپ ئېلىپ سېتىش |
| 强迫他人接受服务 | باشقىلارنى مۇلازىمەتنى قوبۇل قىلىشقا زورلاش |
| 强迫他人提供服务 | باشقىلارنى مۇلازىمەت قىلىشقا زورلاش |
| 抢险、救灾、救济物资 | خەۋپتىن ئاپەتتىن، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئەشيالىرى |
| 强行发生性关系 | زورلۇق بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش |
| 强制铲除 | مەجبۇرىي چانىۋېتىش |
| 窃取财物 | مال ـ مۈلۈكنى ئوغرىلاش |
| 窃取、刺探、收买 | ئوغرىلاش تىڭ ـ تىڭلاش سېتىۋېلىش |
| 侵犯公民通信自由权利 | پۇقرالارنىڭ خەت ـ ئالاقە ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش |
| 侵吞、窃取、骗取 | يەپ كېتىش ئوغرىلاش ئالداپ ئېلىۋېلىش |
| 清偿债务 | قەرزنى ئۈزمەك |
| 侵犯公民人身权利、民主权利罪 | پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى |
| 侵犯知识产权罪 | بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى |
| 情节特别恶劣的 | قىلمىشى پەۋقۇلئاددە قەبىھ بولغانلار |
| 权利人 | ھوقۇق ئىگىسى |
| 燃气设备 | يېقىلغۇ گاز ئۈسكۈنىلىرى |
| 扰乱市场秩序罪 | بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى |
| 扰乱军心 | ھەربىيلەرنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇش |
| 人身自由 | جىسمانىي ئەركىنلىك |
| 入户抢劫 | ئۆيگە كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش |
| 三氯甲烷 | خلوروفوروم |
| 撤销原判刑罚 | ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا كۈچىدىن قالدۇرۇش |
| 色情内容 | ئىشقىۋازلىق مەزمۇنى |
| 擅离岗位 | خىزمەت ئورنىدىن ئۆزىچە ئايرىلىش |
| 商检机构 | تاۋار تەكشۈرۈش ئورگانلىرى |
| 商品声誉 | تاۋار داڭقى |
| 上市申请 | بازارغا سېلىش ئىلتىماسى |
| 商业信誉 | سودا ئىناۋىتى |
| 设计单位 | لايىھىلىگۈچى ئورۇن |



قىز قوۋار

دىڭ چاڭمىڭ فوتوسى

# قازاقلارنىڭ تۇرمۇشىدىن نادىر سۈرەتلەر



تەڭرىتېغىنىڭ بىر بۆلىكى

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى

خۇسۇسي كارخانىلارنىڭ ئۈلگىسى

# مايتاغ

# جيابى ماي قەغەز زاۋۇتى



زاۋۇت باشلىقى، قانۇنى ۋەكىل خې چۈەنجۇ



ماي قەغەز ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى

مايتاغ جيابى ماي قەغەز زاۋۇتى 1997 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان خۇسۇسىي كارخانا. مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، 100 دىن ئوشۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. 1998 - يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش بىر قېتىمدىلا لاياقەتلىك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماي قەغەز ئىشلەپچىقىرىش رۇخسەتنامىسىگە ۋە لاياقەتلىك مەھسۇلات گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن. جيابى ماركىلىق ماي قەغىزى كۆيتۈن شەھىرىنىڭ ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك قۇرۇلۇش ساھەسىدە سۈدىن مۇداپىئەلىنىش ماتېريالى قىلىندى. نوپۇزلۇق ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، بازارنىڭ ئېتىراپ قىلىش نىسبىتى %100، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 1 - ئورۇندا تۇرغان. خېرىدارلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى ۋە سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.


ئادرېسى: مايتاغ شىمالىي كەنت شەرقىدە

تېلېفون: 3692189، 3692191 - 0992

قولفون: 013809927716

پوچتا نومۇرى: 833600





جيابى ماركىلىق 350 - ماي قەغەز



مەھسۇلاتلار تەكشۈرۈلۈپ، قاچىلىنىپ زاۋۇتتىن چىقىرىلماقتا

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033/D-W باھاسى 2.40 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433